شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

3
1999



گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلەش ئۈچۈن...

مىسىر ئەسلىملىرى

ئۇيغۇرلار رىئالىزمغا قاندىمۇ؟

كىمدىن رەنجىيمىز

ئۆيلەنمىگىن، ئۆي ئالمىغىن، ئۆلمىگىن!

يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن

新疆工运

# شىنجاڭ ئىشچىلار ھەركىتى

XINJIANG LABOUR MOWEMENT

# باللار، قەلبىمىزدىكى يۇلتۇز سىلەر







سۈرەتلەرنى ئابلىز ئابدۇللا، ئۆركەش جاپپار، دۆەن جىيۇەن، ئوبۇل تۇرسۇن تارتقان.









# قىيامەت قايىم بولامدۇ

D. H. لاۋرېنس (ئەنگلىيە)

دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ جاسارىتى ۋە يېڭى روھىي دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى قاچان يوقىلىدىكەن، شۇ چاغدىن ئېتىبارەن قىيامەت قايىم بولىدۇ.

ئادەم تەۋەككۇل قىلغۇچى، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە تەۋەككۇلچىلىكنى تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك. تەۋەككۇل دېگەن تەۋەككۇل، تەقدىر ـ قىسمەت بولسا، تەۋەككۇلچىلەرنى قورشاپ تۇرغان شارائىت. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەۋەككۇلچىنىڭ قىلغان تەۋەككۇل ھەرىكىتى قېيىن شارائىتنىڭ بېسىمى ئاستىدىمۇ بىخ سۈرگەن ھاياتىي كۈچكە باي ئۈندۈرمە. ئەگەر، كېمىدىكى نوھنىڭ ھاياتىي كۈچكە باي ئۈندۈرمىسى بولمىسا، ئەلمىساقتىن ئاۋۋالقى پانىي ئالەم قايغۇسىغا تولغان قالايمىقان ھالەت ـ توپان بالاسى ھالاك قىلغان دۇنيا يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىراق نوھ ۋە ئۇ كېمىسىگە سېلىپ ماڭغان ھايۋانلار ئاۋۋالقىدەكلا ھەريان ئېقىپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يېشىل سەھەر

(قوش ئايلىق ژۇرنال) 1999 ـ يىل 3 ـ سان (ئومۇمىي 51 ـ سان)

# بۇ ساندىكى ماقالە ـ ئەسەرلەر


## ● يېشىل سەھەر ●

(1) قىيامەت قايىم بولامدۇ .................................D. H. لاۋرېنس

## ● ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات ●

(4) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قانداق ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك؟ ............................................ لىيۇ باۋخۇا

## ● دوستلۇق ئالبومى ●

(8) گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلەش ئۈچۈن... (ئەدەبىي ئاخبارات) ........ قەيسەر مىجىت

## ● سىياسەت ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ●

(20) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى شۇ دەرىجىلىك كارخانا ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ..............................

## ● تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى مۇنبىرى ●

(21) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا تاۋار ئوبوروتىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم ................................ تۇرسۇنىياز نۇرى

## ● مەن كۆرگەن دۇنيا ●

(24) مىسىر ئىسلىمىلىرى ........................................ مۇتەللىپ سىدىق

## ● بەس ـ مۇنازىرە ●

(28) ئۇيغۇرلار رىسالىزمغا قاندىمۇ؟ ........................ ئابلەت ئابدۇرىشىت



ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ لىپىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ گومىن، لى خۇكۇيى
باش مۇھەررىرى: ما بىڭ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەد سالىھ مەترووزى
مەسئۇل مۇھەررىرى: لۇۋ يۇڭ
مۇھەررىرى: سادەتگۈل ئىسمايىل
ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى: دولقۇن ئەلى
(شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئادۋوكاتلار ئىش ئورنىنىڭ ئادۋوكاتى)


مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلەر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى لايىھىلەش، بەت بېسىش بۆلۈمىدە ئىشلەندى.

بىزنىڭ نىشانىمىز ـ «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنى كىتابخانىلار ئەڭ ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان ژۇرناللارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇش.

ژۇرنىلىمىزغا سەرخىل ماقالە - ئەسەرلىرىڭىزدىن تاللاپ پات - پات ئەۋەتىپ تۇرغايسىز.


## ● ئاچچىق - چۈچۈك شىڭگىللەر ●

(33) كىمدىن رەنجىيمىز ........................... **تۆلەندىن ئەزىم**

## ● تىل - ئاتالغۇلار تەتقىقاتى ●

(39) ئۇيغۇر تىلى روجەكلىرىدىن مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بىر نەزەر ... **كۈرەشچان ئۆمەر**

## ● كارخانا مەدەنىيتى تەتقىقاتى ●

(40) هازىرقى زامان كارخانىلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ يولى ................. **يۈي بو**

## ● ئاڭلىغانمۇ سىز؟ ●

(44) هاراق ئىلاهى - خوتەن ئەتىركۆل ئۈزۈم هارىقى..............................

## ● قېنى، نېمە دەيسىز؟ ●

(45) ئۆيلەنمىگىن، ئۆي ئالمىغىن، ئۆلمىگىن! ......................... **روزى سايىت**

## ● سۆهبەت ئۈستىلى ●

(49) يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن ........................ **مۇهەممەد سالىھ مەتروزى**

## ● ئەسسالام، تاشيولچىلار! ●

(56) ئىدىيەۋى - سىياسى تەربىيىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ... **تۇردى تۇرسۇن**

## ● ئەر - خوتۇنلار سۆهبەتخانىسى ●

(58) خوتۇنۇمنىڭ ئەرلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ......................... **فالڭ زى**

## ● تارىخ سۆزلىسۇن ●

(60) راشىد ئەركىنلىككە چىقتىمۇ؟ ......................... **لى لى، لى چۈنفېڭ**


**مۇقاۋىدا: ش ئۇ ئا ر ماڭارىپ كومىتېتى چوڭلار ماڭارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ياش مۇتەخەسسىس - ئەنۋەر ئوسمان**


**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىلىش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:** ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ۋە جايلاردىكى هەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى

**ژۇرنىلىمىز هېساب ئاچقان بانكا:** جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى «بەخت» يولى ئىش بېجىرىش ئورنى

**هېساب نومۇرى:** 12322101230

**ژۇرنال ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» يولى 8 - قورو (ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى 9 - قەۋەت 901 - ئىشخانا)

**پوچتا نومۇرى:** 830002 **تېلېفون:** (0991) 2826080


**مۇشتەرىلەر سەمىگە:**

ژۇرنىلىمىزغا تەھرىر بۆلۈمىمىز ياكى هەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق هەر قانداق ۋاقىتتا بىۋاسىتە مۇشتەرى بولسىڭىز بولىدۇ.

# ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قانداق ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك

ئۇيۇشمىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، ئىسمېنا - گورۇپپا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر- نىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك بولغا



ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە قانداق ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ھەرىكىتى كادىرلار مەكتىپى ئالاھىدە ھەمكارلاشقان سەھىپە**

= ليۇ باۋخۋا =

**ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات**

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنى دۇنيانى تونۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېڭى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغىشى كېرەك». ھازىر، شاڭخەي ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، ئىسمېنا - گورۇپپا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك بولغا قويۇشنى كۈچلۈك ئالغا سۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك دولقۇننى تەدرىجىي شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ ماقالە مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە نۇقتىئىنەزەرىدىن ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، يېتەكلەش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك باسقۇچلۇق نىشانى ۋە يولغا قويۇش يولىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە بۇ جەھەتتە ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغان.

## قوزغاش باسقۇچى: كۆپچىلىكنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش

بۇ باسقۇچتىكى خىزمەتنىڭ مەزمۇنى: تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، تايانچىلارنى يېتىشتۈرۈپ، نۇسخا تەييارلاپ، كەيپىيات يارىتىش.

باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان: «كۆپچىلىكنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش»تىن ئىبارەت يېقىنقى مەزگىللىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ۋاقىت: يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ يېقىنقى مەزگىللىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش.

بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قوللىنىشقا بولىدىغان بارلىق ۋاستە ۋە ئۇسۇللىنى قوللىنىش، جۈملىدىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى، رادىئوسى، قارا تاختا گېزىتى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش، ئىسمىنا- گورۇپپىلاردا ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئۆگىنىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى ئالدى بىلەن ئۆگىنىش، ئۆگىنىش تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، شەرت-شارائىتى يار بەرگەن ئورۇنلار مەلۇم نەزەرىيە ساپاسىغا ئىگە تايانچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشچىلار نەزەرىيە قوشۇنىنى قۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوقۇش سەۋىيىسىگە باب كېلىدىغان، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، مەزمۇنى چوڭقۇر «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىسمىنا- گورۇپپىلاردا ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى» نى يېزىپ چىقىش. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى - تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۆپ خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش، جەلپ قىلىش جەھەتتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

## كېڭەيتىش باسقۇچى: كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش.

بۇ باسقۇچتىكى خىزمەتنىڭ مەزمۇنى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، ئىسمىنا - گورۇپپا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈش.

باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان: «كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش» تىن ئىبارەت بۇ ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ۋاقىت: بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش.

بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىسمىنا- گورۇپپىلاردا ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، لېكسىيە سۆزلەش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، شەنبىلىك مەكتەپ ئېچىشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئۇسۇلنى يولغا قويۇش، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، زېھنى سىناش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش، كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بېرىش، كىتاب ئوقۇش بويىچە ماقالە قوبۇل قىلىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تەكشۈرۈش، ئۈلگىلىك ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، ئىسمىنا - گورۇپپىلارغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈش. مۇۋاپىق پەيتتە شەھەر بويىچە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، گورۇپپىلارغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى - «سىڭدۈرۈش» جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت، ئىسمىنا - گورۇپپىلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىشى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىشىدىكى ئاساسلىق يول. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بىر

مەزگىلدىن بۇيان، نۇرغۇن سىستېمىلاردا بۇ مۇھىم يول ئانچە راۋان بولمىدى. ئاز ساندىكى سىستېمىلار ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا تۇرلۇك ناملار بىلەن بۇ مۇھىم يولنى يوققا چىقاردى. نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسمېنا - گورۇپپا ئۆگىنىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن قاتناش، قۇرۇلۇش قاتارلىق سىستېمىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە خىزمىتى جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا، شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىسمېنا- گورۇپپىلار ئۆگىنىشكە بولغان يېتەكچىلىك، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، بۇ مۇھىم يول راۋان بولمىغان سىستېمىلاردا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى كارخانا، گورۇپپىلارغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سۈرۈش جەريانىدا ئىسمېنا - گورۇپپا ئۆگىنىشىدىن ئىبارەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم يولنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋانلاشتۇردى. بۇ جەھەتتە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات - تەربىيە تارماقلىرىنىڭ «ئۆز بازىسىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار». شۇڭا، ئىسمېنا - گورۇپپىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش ھەمدە تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى ئاساسلىق بازىسىنىڭ ئورنى جەھەتتىن باھا بېرىشى، ئىسمېنا- گورۇپپىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق ئۆگىنىش بازىسىنى ئۆز مەيلىچە تاشلىۋەتكەن ئورۇن ۋە تارماقنى دەل ۋاقتىدا تەنقىد قىلىپ، بازىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. بۇنىڭدا مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىسمېنا- گورۇپپىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئىسمېنا - گورۇپپىلارنىڭ ئۆگىنىش شەكلىنى جانلىق قوللىنىشتىن ئىبارەت. تىپىك ئۆلكىلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆگىنىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ئىسمېنا - گورۇپپا ئۆگىنىشى ئېلىپ بارىسىمۇ، ئېلىپ بارمىسىمۇ بولىدىغان، تاشلاپ قويسىمۇ، تاشلاپ قويمىسىمۇ بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى بۇ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. بۇ بىر ئادەمنىڭ كۈندىلىك يېمەك- ئىچمىكىگە ئوخشايدىغان بىر ئىش، بىز يېمەك - ئىچمەك ئۇسۇلى ۋە سۈپەت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن باشقا بىر قۇتۇپقا ئاتلاپ كېتىپ يېمەك- ئىچمەكتىن ۋاز كەچمەيمىزدە.

«كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش» تىن ئىبارەت بۇ باسقۇچتىكى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى، ئىسمېنا - گورۇپپا ئۆگىنىشى، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش، شەنبىلىك مەكتەپ ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت چوڭ يولنىڭ راۋان بولغان- بولمىغانلىقىغا باغلىق.

**چوڭقۇرلاشتۇرۇش باسقۇچى: كۆپچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش.**

بۇ باسقۇچتىكى خىزمەتنىڭ مەزمۇنى: نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دادىل ئىزدىنىشكە، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەش.

باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان: «كۆپچىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش» تىن ئىبارەت نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش.

ۋاقىت: باشلىنىشى بولۇش، چېكى بولماسلىق، يەنى توختاپ قالماسلىق.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە، ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىنى ۋە ئۆزىمىز ئىشلەۋاتقان ئىشنى مەركەز قىلىپ، نەزەرىيىمىزنى ماركسىزملىق نەزەرىيىنى قوللىنىشقا، ئەمەلىي مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتە تەپەككۇر قىلىشقا، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتقا تارتىشىمىز كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە باشتىن ئاخىرىغىچە كۆڭۈل بۆلدى ۋە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسى ئۇنىڭ

نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىزنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز ھېسابلىنىدۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر، ئۇنىڭ يادروسى جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشنى تەكىتلەش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىشچىلار توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خوجايىن ئۆز ئىشى ئۈستىدە ئويلىنىش، خوجايىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئالغا سۈرۈشتە، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، خوجايىنلىق قىياپەت بىلەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ، سۆز بىلەن ھەرىكەتنىڭ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ بىرلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش، دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش، پائال ئىزدىنىش ۋە ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىشلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئىستىلنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش لازىم.

بىز ئىنقىلابىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنىڭمۇ، يېقىن مەزگىللىك پىلانىنىڭمۇ بولۇشىنى تولۇق تونۇشىمىز لازىم. دادىل ئىزدىنىدىغان شىجائەتنى ئىلمىي، ئەمەلىي ئىشلەش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىنەزەر، ئۇسۇلنى تىرىشىپ قوللىنىپ، بىز دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز، قەيسەر، جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشىدىغان روھىي ھالىتىمىز ئارقىلىق يېڭى نەتىجە، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

**«شائخەي ئىشچىلار ھەرىكىتى»** ژۇرنىلىدىن
**ئىسلام ھۇسەيىن** (ت)

ئۆگەي قولغا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ.
—— سەئدى

ھۆسن خەتنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن **قاھار ئوسمان** يازغان.

# گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلەش ئۈچۈن...

(ئەدەبىي ئاخبارات)

= قەيسەر مىجىت =

*(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى، ھازىر ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىدۇ)*

تاۋار دۇنياسىنىڭ قۇلىغا، پۇل - بايلىقنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھالەت ئوتتۇرىغا چىقتى.

مانا مۇشۇنداق شارائىتتا دەۋرىمىز ھەر بىر گىراژداندىن نېمىنى كۈتىدۇ؟

ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى كۈتىدۇ. گەرچە، مەجبۇرىيەت ھەر بىر دەۋردە، ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندا ئوخشىمىغان ئوبيېكتتا تۈرلۈك كونكرېت مەزمۇنلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىنسان ئۈچۈن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنى ئادا قىلىشنى بىلىشنىڭ قەدىمدىن بۇيان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئادەملىك پەزىلىتىنى، ئىنسانلىق قىممىتىنى ئۆلچەشتىكى بىر مۇھىم مىزانلىق رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىدەك خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرمىگەن.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى مۇتەپەككۇرى كۇڭفۇزى: «پايدىدىن ئاۋال مەجبۇرىيەتنى ئويلا» دەپ ئىنتايىن ياخشى ئېيتقان. ئالايلى، ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىنى قوغداش، ھەر بىر جەڭچىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر بىر گىراژدانىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر. بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تېزدىن ئىختىساسلىقىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش ئۇنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەدە،



تارىخىي ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماددىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشنىڭ بىرلىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى، جۈملىدىن مىللەت تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى بولالايدۇ. لېكىن، ماددىي جەھەتتىكى نەپكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشكە سەل قارىلىدىكەن، ئۇ ھالدا جەمئىيەت بىر خىل روھسىز، چۈشكۈن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن ئىقتىساد يۈكسەلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئايرىم كىشىلەردە مەنپەئەتپەرەسلىك ئەۋج ئېلىپ گويا پۇتكۈل كىشىلەر

## دوستلۇق ئالبومى

كەسپىي ۋە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز خىزمەت ئورنىدا دادىللىق بىلەن جانلىق ئىشلەپ، ئىجادچانلىقنى ئۇرغۇتۇپ، يۇقىرى خىزمەت ئۈنۈمىنى يارىتىشمۇ ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

«ياپ - ياشكەنسىزغۇ» ئىشخانىدا تولۇپ ئولتۇرغان ئادەملەرگە باقماي ئاغزىمدىن بۇ سۆزنىڭ قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنى ئۇقمايلا قالدىم.

ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

مەن خېلىدىن بېرى ئايرىم - ئايرىم ئادەملەر دەپ كېلىۋاتقان بۇ «ئۈچ ئادەم» ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا بۇ ئىسىم بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىغا ئەمدى چىققان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى دەرستە ئەلاچى بىر ساۋاقدىشىمنىڭ قولىدا «ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھان سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋېدىم، ساۋاقدىشىم خۇددى خاسىيەتلىك بىر نەرسىنى مەندىن قىزغانغاندەك ئېلىپ قاچتى. «شۇ قىلغىنىڭغا سېنىڭ» دەپ بىر خىل ھارسىنىش ۋە قىزىقىش ئىچىدە ناھىيىمىزدىكى بارلىق كىتابخانا ۋە شەخسىي كىتاب تىجارىتى دۇكانلىرىنى ئىزدەپ ئاخىر ئۇ «گۆھەر»نى قولغا چۈشۈرگەنىدىم. دېمىسىمۇ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغانلار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولغان بۇ كىتاب ماڭا ئىنتايىن زور نەپ بەرگەنىدى. مەن شۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ تۈزگۈچىسىنى مائارىپ سېپىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ياكى بولمىسا ئىمتىھان سوئاللىرى تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئاللىقانداقتۇر بىر ئاق چاچلىق مويسىپىت تەرىقىسىدە تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇ ئىسىم ماڭا بەكلا تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم ھەم ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ھەم تىل ھەۋەسكارى بولغانلىقىم ئۈچۈن شائىر - يازغۇچىلارغا، تەرجىمانلارغا ئالاھىدە ھۆرمىتىم بار ئىدى. گېزىت - ژۇرناللاردىكى ماقالىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورلىرىغا پات - پات كۆز يۈگۈرتۈپ تۇراتتىم. مەن گېزىت - ژۇرناللاردىن ئاشۇ ماڭا تونۇش ئىسىمدا ئېلان قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەرنى پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرغاچقا ھەمدە تەرجىمىگە تاللانغان ماقالىنىڭ جەلپكارلىقى ياكى ئىشلىنىشچانلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن قايىل بولغان چاغلىرىمدا، «بۇ ئادەم ئاشۇ ئادەم شۇمىدۇ؟ جەمئىيەتتە ئوخشاش ئىسىم - فامىلىلىكلەر كۆپقۇ. ئېھتىمال، باشقا بىر ئادەم بولسا كېرەك. ئۇ چوقۇم بىرەر نەشرىياتنىڭ مەخسۇس تەرجىمە - ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تەرجىمانى» دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم. ئويلىماپتىمەنكى، ئەينى چاغلاردا، ماڭا زور ئىلھام بەرگەن «تۇرمۇشىڭىزغا گۈزەللىك بېغىشلايمەن» دېگەن كىتابنى ۋە يەنە «قىزىقارلىق يېگىلىقلار»، «تەبىئەتتىكى سىرلار»، «بالىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى قانداق بايقاش كېرەك»، «كەسپىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش»، «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن زېھنىي مەشىقلەر» قاتارلىق خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئادەم دەل مەن «ئاشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلىغان ئادەم ئىكەن. ئەمدى بىلدىمكى، بۇ ئادەم يەنە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولۇپمۇ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە نەشر ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلدۇرۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپتۇ. مەن مۇشۇ خىلدىكى ماقالىلەرنى كۆرگەن چاغلىرىمدا «بۇ چوقۇم مائارىپ تارماقلىرىدا بىرەر مەسئۇل ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۈچىنچى بىر ئادەم» دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەمما رېئاللىق بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

— ئۇ زادى كىم؟ قانداق كۈچ ئۇنى مۇشۇنداق شەرەپلىك نەتىجىلەرگە ئىگە قىلدى؟

مېنىڭچە، ھەر بىر جەمئىيەت، ھەر بىر مىللەت ئۆزى يېتىشتۈرۈپ چىققان تالانت ئىگىلىرىگە، ئىختىساس ئىگىلىرىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت

بېرىشى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىنى، ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ سىستېمىلاشتۇرۇپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇ ۋەجىدىن دەرمانىم ئاز بولسىمۇ، مەن ئاخباراتىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان «بۇ ئىسىم بۇ ئادەم» توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستىم.

ئۇ ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەرجىمان، تەتقىقاتچى يولداش ئەنۋەر ئوسمان بولىدۇ.

ئەنۋەر ئوسمان 1963 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئائىلىسىدە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشقا باشلىدى. گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن باللارغا خاس تاتلىقلىق ۋە زېرەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئوسمان مۇئەللىمنىڭ بۇ بالىسىنى ئوقۇغۇچىلار تەنەپپۇستا ئەركىلىتىپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. ئايىغى ئەمدىلا چىققان ئەنۋەر ھەدىلىرى بەرگەن قەغەز ـ قەلەمنى تۇتقىنىچە «مەنمۇ ئوقۇيمەن» دەپ دەرسخانىغا كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمايتتى. باشقا باللار «ئاغچايلام ئويۇنى ئوينايمەن» دېسە، ئەنۋەر كەچتە ئۆيگە كىرگەن دادىسىغا «سىنىپ ئويۇنى ئوينايمىز» دەپ غەلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭ «سىنىپ ئويۇنى» دېگىنى، دادىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئەنۋەر ئوقۇغۇچى بولىدىغان بىر خىل ئويۇن ئىدى. ئوسمان ئاكا ئۆز ئوغلىنىڭ تۇرگۇنلۇكىدىن، ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ ئۆزىدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىۋاتقان ياشلىق غايىلىرىنى، ئىستەكلىرىنى ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە پۈتۈن ئۈمىدىنى ئوغلىغا بېغىشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ھەر كەچلىكى دەرس ئۆگىتىپ ناھايىتى تېزلا ئۇنى ئىلىم بوسۇغىسىغا يېقىنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ئەنۋەر بەش يېشىدىلا 1 ـ يىللىقنىڭ دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ بولدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇش يېشىغا توشۇپ مەكتەپكە كىرىپلا سىنىپ ئاتلاپ 2 ـ يىللىققا چىقتى. يېڭى مۇئەللىملەر بۇ سىنىپقا دەرسكە تۇنجى قېتىم كىرگەندە ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋاتقان بۇ بالىنى بەزىدە «قايسىبىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپقا ئەگىشىپ كىرىۋالغان ئۇكىسىمىكىن» دەپ قالاتتى. ئەنۋەر سىنىپ بويىچە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي ئىزچىل ياخشى ئوقۇشقا باشلىدى. كىشلەر باللىقنى غەم-ئەندىشىدىن خالىي، ھەسرەتتىن خالىي دېيىشىدۇ. ئەنۋەرنىڭمۇ دەرستىن باشقا غېمى يوق بولغان غەمسىز دەۋرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئوسمان ئاكىمۇ باللىرىنىڭ قەلبىگە ئاققان ۋەھىمە بورانلىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ھىمايىسىدىمۇ توسۇپ قالالمىدى. چۈنكى، ئەينى يىللاردا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئېغىر بولۇپ، شەھەر، يېزا، قىشلاقلار نامراتچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. جۈملىدىن، بىر ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئوسمان ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكى 8 جان ئادەم ئاشۇ بىر كىشىنىڭ ھەر ئايدا ئالىدىغان 66 يۈەن مۇئاشىغا تايىنىپ ئاران-ئاران تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى.

1974 ـ يىلى كۈز، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىغا چىققان مەزگىللەرنىڭ بىر كۈنىدە دادىسىنىڭ جاپالىق ئىشلەپ تاتىرىپ ـ ياداپ كەتكەن چىرايىغا، ئانىسىنىڭ جۈدەڭگۈ قىياپىتىگە دىققەت قىلىپ قالدى. سەبىي كۆڭلى ئازابلاندى. چىچەن ئاتا بۇنى بايقىۋالدى:

ــ دادا، ــ دېدى ئۇ دادىسىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، ــ مەن ئويلاپ ــ ئويلاپ ئاخىر ئوقۇمىسامىكىن، دېگەن يەرگە كەلدىم.

ئاتا، ئوغلىنىڭ كۆزىگە لاپپىدە قارىدى.

ــ ئۆيىمىزدە ھازىر قىيىنچىلىق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتىكى ئوقۇشىمۇ ئوقۇش بولمايۋاتىدۇ، شۇڭا ھازىرچە بىرەر ھۈنەرنى ئۆگەنسەم، ئاز ـ تولا بىرنېمە تېپىپ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتسەممىكىن دەيمەن، ــ دىدى ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ. ئېغىر سۈكۈناتلىقتىن كېيىن، ئوسمان ئاكا كۆز چاناقلىرىغا كېلىپ قالغان ياشنى زورىغا بېسىپ ئوغلىنى قۇچاقلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئەمدى ئاشپەزلىك ۋە ناۋايلىققا ھۈنەرگە كىرگەنىدى. جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنىڭدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق

بېرەلەيدىغان قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈردى. ئاي-يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قىيىن تۇرمۇشنىڭ چېنىقتۇرۇشى بىلەن ئۇ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە تاۋلاندى. ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەردە ئوقۇش تەرتىپى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. ئوقۇشنى چاك تۇتقان ئوقۇغۇچىلار «سېسىق زىيالى» دەپ چەتكە قېقىلاتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلغىنىغا ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ دائىم ئۆزىنى دەرسخانىدا دەرس ئاڭلاۋاتقان ھالەتتە چۈشەيتتى. بۇ شېرىن چۈش ئىدى، ئۇ بىر كۈنى يېرىم كېچىدە «مېنى مەكتەپتىن قوغلىماڭلار» دەپ جۆيلۈپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى ۋە مەكتەپنى، مەكتەپتىكى



*ئەنۋەر ئوسمان شى ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سادىر قادىر بىلەن بىللە ياپونىيەدە زىيارەتتە.*

ساۋاقداشلىرى، ئۇستازلىرىنى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئۆتكەن كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلەپ ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزدى. دېمەك، ئۇنىڭ قەلبى مەكتەپكە، ئىلىمگە تەلپۈنەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى تولۇق 1 - يىللىققا كۆچكەن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، ئىلىم - پەننىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلگەن چاغ ئىدى.

ئۇ ئاخىر مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ 1 - يىللىققا قوبۇل قىلىنىپ ئەسلىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن جەم بولدى. گەرچە ئۇ بىر مەزگىل مەكتەپتىن توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە بىر يىلدىن كېيىنلا سىنىپىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. 1979 - يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىگە قاتنىشىپ ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى، شىنجاڭ بويىچە ئۈچىنچى بولۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى.

ئۇ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئاشۇ يىلى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن، چىرايىدىن بىغۇبار باللىقنىڭ شولىسى تېخى كەتمىگەنىدى. بولۇپمۇ، «ئىلىم - پەننىڭ يېڭى باھارى» كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەرىپەت بوشۇكلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، تەگرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن بۇ يەرگە زور تەشنالىق بىلەن، خوتۇن - باللىرىنى تاشلاپ قويۇپ تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى خېلىلا تېتىغان ئاشۇ ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ خېلىلا كىچىك ئىدى. «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» دېيىشىدۇ كونىلار. ئادەمنىڭ ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ يېشىغا باغلىق ئەمەس.

ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر كىچىك ناھىيە بازىرىدىن بىر چوڭ شەھەردىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا بىرئاز يېتىرقىدى، غېرىبسىندى. ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى، سۆيۈملۈك ئۇكىلىرىنى ئەسلەپ پىنھان جايلاردا كۆز يېشىمۇ قىلدى. بىراق، بىرنەرسە دائىم ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى. يەنى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىدە «بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق گۈزەل كېلىچەك



ئەنۋەر ئوسمان دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىدا.

ياراتقىلى بولىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ ھەردائىم پارلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئاددىيلا ھالدىكى ئىشەنچ ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك ئېتىقاد ئىدى.

كۈچلۈك ئېتىقاد ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. تۇنجى ئوقۇش يىلىنىڭ 1 - مەۋسۇمىدىلا دەسلەپتە خەنزۇچە ئاددىي سۆزلەرنىمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان بۇ ياش سىنىپ بويىچە ئىككىنچى بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ ھەر قېتىم كىتاب كۆرۈپ چارچىغاندا، دائىم كۆز ئالدىدا يۇرتىدىكى ئاقكۆڭۈل ساددا، ئەمما نامرات دېھقان يۇرتداشلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ سىماسى جىلۋىلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز زىممىسىدە بىر خىل كۈچلۈك مەجبۇرىيەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولاتتى - دە، قايتىدىن روھلىنىپ كېتەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا كۈچلۈك روھ ۋە تۈگىمەس زېھنىي قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى. بۇ روھنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ تۇنجى ئوقۇش يىللىرىدىن باشلاپلا كەسپىي بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خەنزۇچە ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا باشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپ ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولدى ھەممە فاكۇلتېت ۋە مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇرمۇش ھەيئىتى، تەنتەربىيە ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى.

بەزى كىشىلەر، كەسىپتە ئازدۇر - كۆپتۇر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى «تەلىيى ئوڭدىن كەلگەنلەر» دەپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ نەتىجىسىگىلا قاراشقا، ئەمما ئۇنىڭ جەريانىغا، ئەگرى - توقايلىقلىقىغا سەل قاراشقا ئادەتلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ھاياتىدا ئۇچرايدىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى، كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر كۆپ ۋە بىرقەدەر قاتتىق بولىدۇ.

ئەنۋەر ئوسمان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇش ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىش مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ:

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىت - ژۇرناللار بۆلۈمى. تۇرقىدىن رەھبەرگە خاس سالاپەت چىقىپ تۇرغان، پۈتۈن زېھنى بىلەن گېزىت كۆرۈۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئۆزىدىن ئىككى چامداmچە يىراقلىقتا چىرايىنى قايغۇ باسقان، ئېگىز ئەمما ئورۇق كەلگەن بىر


ئەنۋەر ئوسمان ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈشتە.

ئوقۇغۇچىنىڭ تارتىنىش ئىچىدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى.

«ــ كۆرۈشەيمۇ، كۆرۈشمەيمۇ؟ ناۋادا بولمايدۇ، بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق دەپ قالسىچۇ؟» ئۇنىڭ قەلبىنى تەشۋىش چۇلغىۋالدى، چۈنكى بىر نەچچە كۈن ئاۋۋال ئۆگىنىشكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش نەتىجىسىدە چارچاپ كەتكەن ئەنۋەر ئوسمان دەرس تەكرارلاۋېتىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەنىدى. دوختۇرخانىنىڭ بىرقېتىملىق تەكشۈرۈشىنىڭ دىئاگنوزى بويىچە ئۇنىڭغا «تۇتقاقلىق كېسىلى بار» دەپ قارىلىپ، مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسى ئۇنى مەكتەپتىن چېكىندۇرۇش بۇيرۇقىنى چىقارغان ھەمدە ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مەكتەپتىن ئايرىلىشىنى ئۇقتۇرغانىدى.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز، قانداق بولۇپ كېتەتتىڭىز؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بۇ جاھان تاردەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

«مۇبادا مەكتەپتىن چېكىندۇرۇلسەم، ئالىي مەكتەپ يۈزىنى ئىككىنچى كۆرەلمەيمەن. ئارزۇ - ئارمانلىرىممۇ تۈگەيدۇ. تەقدىر دېگەنزە...» ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ قەلبىگە باستۇرۇپ كىردى. لېكىن ئۇ يەنە كۆز يېشىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە «مانا ساپ - ساقلا تۇرمادىمەن، سالامەتلىكىمدە چاتاق يوق، مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ئىزدىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ، مۇۋاپىق پۇرسەت كۈتۈپ مەكتەپ كۈتۈپخانىسىغا كىرگەنىدى.

ئۇ مۇدىرغا گەپ قىلا - قىلمايلا پاكىتىدە يىغلىۋەتتى. مۇدىر چىرايىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىغا قاراپ سەۋرچانلىق بىلەن:

ــ ئولتۇر، ئولتۇر، ئالدىرىماي سۆزلە، يىغلىماي سۆزلە، ــ دېدى.

ئۇ بارلىق ئەھۋاللارنى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئادىتىنى، نەتىجىسىنى، ئارزۇسىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى دەپ ئۆتتى ۋە ئاخىرىدا:

ــ مۇدىر، مېنىڭ ئوقۇش ئارزۇيۇم كۈچلۈك، تېنىممۇ ساغلام، مۇبادا مۇشۇنداقلا قايتۇرۇلسام بەك ئۇۋال بولىدۇ، ــ دېدى.

مۇدىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ ئەتىدىن باشلاپ دەرسىڭگە كىرىۋەر، بۇرۇنقىدەك ئوقۇۋەرگىن، لېكىن يىگىت، سالامەتلىكىڭنى ئاسراشقىمۇ دىققەت قىلغىن، سالامەت بولساڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەلەيسەن ئەمەسمۇ؟

ــ رەھمەت، ــ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە شادلىق تەبەسسۇمى ئەكس ئەتتى.

بەلكىم، مەكتەپ مۇدىرى، ئالدىدىكى بۇ يىگىتكە بىر قېتىملىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىش بىلەن، كېلىچەكتە جەمئىيەت، خەلققە بىر ئىقتىدار ئىگىسىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىدەك تۆھپىسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن بولغىيتتى.

ئەينى چاغدىكى بۇ مەكتەپ مۇدىرى دەل ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولداش قەييۇم باھاۋۇدۇن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۈمىدىنى ئېسىدە تۇتۇپ، سالامەتلىكىنى ئاسرىغان ئاساستا، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپنى% 96 لىك ئوتتۇرىچە نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1983 - يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئىنستىتۇت ئىشخانىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، تەرجىمانلىق ۋە تاشقى ئىشلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا تەكلىپ بويىچە كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، تىرىشچانلىقى ۋە پرىنسىپچانلىقى مەسئۇل يولداشلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ بۇ يەرگە رەسمىي يۆتكىلىپ كەلدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى مۇرەككەپ خىزمەت. ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى دەل ئۇنىڭ ئىلمىيلىكى، نازۇكلۇقى ۋە چىنلىق

دائىرىسىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقىدا بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى چوقۇم ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىك بىلەن ئىلمىيلىكىگە ئىگە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر ئۆزئارا ماسلاشقان ئەلا خىزمەت قىلىش مودېلىنى تۇزۇپ چىقىشتا ئىدى. ئۇ مەملىكىتىمىزدە ئىشلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئائىت مەسىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىپ، سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاشلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تۇرلەرگە ئايرىپ، شىنجاڭنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بولۇپمۇ ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتىدە ئۆلچەملەشتۇرۇلگەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان بىر يۇرۇش ئۇنۇملۇك خىزمەت ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

تەشكىل ئۆز قوينىدا ئىجادىي پىكىر قىلىش قابىلىيىتىگە باي، ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەش روھىغا ئىگە بىر ياشنىڭ ئۆسۇپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئۇنى كۆپ قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە «ئۆلچەملەشتۇرۇلگەن ئىمتىھان»نى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ پۇرسەتلەرنى قەدىرلەپ، كۆپ كىتاب كۆرۇپ ئىزدىنىش ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماقالىلەرنى ۋە تۇرلۇك قوللانما خاراكتېرلىك كىتابلارنى يازدى ۋە تۇزۇپ چىقتى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى بىر ئالىي مائارىپ تەتقىقاتچىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ «ئىمتىھان مەسلىھەتچىسى»، «قانداق قىلغاندا ئىمتىھاندا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ؟»، «ئۆلچەملەشتۇرۇلگەن ئىمتىھان قوللانمىسى» قاتارلىق ئۇچ كىتابنى يېزىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەملەشتۇرۇلگەن سوئاللار بويىچە ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ماھارىتى» ئۇچۇن تەييارلانغان تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، سىياسەت، خەنزۇ تىلى، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق 9 پارچە كىتابنى تۇزۇپ چىقتى. يولداش ئابدۇرېھىم قاسىم بىلەن بىرلىكتە «ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابلىرى» نىڭ 1985 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە بولغان ھەر بىر نۇسخىسىنى تەييارلاپ نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا تۇزۇلۇپ نەشر قىلىنىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشىدە پايدىلىنىش ماتېرىيالى كەم بولۇش جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

دېمەك، ئەنۋەر ئوسماننى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئىختىساس ئىگىسى، بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئۇنى بىر ياخشى تەرجىمان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ يەنە 3 قىسىملىق «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس ئوقۇتۇش قوللانمىسى»، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار»، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان سوئاللىرىغا ئىزاھات» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى، تەرجىمە مۇھەررىرلىكىنى ۋە مەسئۇل مۇھەررىرلىكى قاتارلىق خىزمەتنى ئۆزى ئۇستىگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە «ماركسىزم قائىدىلىرى»، «تىببىي پەرۋىش ئىلمىدىن سوئال - جاۋابلار» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. يەنە ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشى ۋە تىل تەتقىقاتىغا ئائىت 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىنى «تىل ۋە تەرجىمە»، «بىلىم-كۈچ»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. مەن خىزمىتىنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا باقماي، 30 پارچىغا يېقىن كىتاب تۇزگەن، يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان بۇ تالانت ئىگىسىگە مۇنچىۋالا كۈچ - قۇۋۋەت، جاسارەتنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم.

تەبىئەت ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ھەر بىر يىلنىڭ 365 كۇنىدە بەزى كىشىلەر ھايات يولىنى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بېسىپ كىشىنى ھەم خۇشال قىلىدىغان ھەم قايىل ۋە مايىل قىلىدىغان ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتسا، بەزى كىشىلەر «ئاتام ئېيتقان بايىقى» پەدىسىدە ياشايدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى سۇرۇشتۇرگەندە، بۇ ئادەمنىڭ ئىرادە، ئاڭ ۋە ئېنىق نىشان قاتارلىق پىسخىك سۇپەتلەرگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆزىنى

قانداق تەشكىللىشكە باغلىق. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاڭلىق ھالدا ئۆز ئۆزىنى تەشكىللەش، كونترول قىلىش ئارقىلىق ئۆزى تىكلىگەن ئېنىق نىشان ئۈچۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈرەش قىلالىغانلىقىدىندۇر.

ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى قايتىدىن تونۇشقا، لاھىيىلەشكە، تەشكىللەشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئۇ ۋاقىتنى ۋە تەپەككۇرنى تىزگىنلەپ، ۋاقىت ۋە زېھنىنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مۇشۇ ئاساستا بىر يۈرۈش مەشغۇلات ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ ماڭدى. باشقىلاردىن ئىككى-ئۈچ سائەت كېيىن ئىشتىن چۈشۈش، تېلېۋىزوردا خەۋەرلەر پروگراممىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كەچ سائەت 11 - 12 گىچە كىتاب كۆرۈش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئايالى گۈلباھار ھەدىنىڭ ئۇنى قوللىشى ۋە چۈشىنىشىمۇ، ئۇنى خىزمەتلەردە، تەتقىقاتتا زور رىغبەتكە ئېرىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتلىرىنى جان - پىدالىق بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. مائارىپ كومىتېتى ئورگىنى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئۇنى زور ئىشەنچ بىلەن 1992 - يىلى 10 - ئايدا مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى.

بۇ خىزمەتتە ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ ئىدى. چۈنكى، بۇ خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى شىنجاڭدىكى 21 ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ راۋان يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش، كۇتۇپخانا، تەجرىبىخانا قۇرۇلۇشى، دەرسلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى يېڭى كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش (دېپلوم بېرىش)، ئالىي مائارىپ بويىچە خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش (ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللاش)، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالىي مائارىپ بويىچە ھەمكارلىشىش تورىنى يولغا قويۇش قاتارلىق مۇرەككەپ ھەم كەڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلاتتى.

— بۇ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى زادى نەدە؟

«ئالىي مائارىپ — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان زېمىن، شۇڭا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق، ھەر خىل پەن-تېخنىكا كەسىپلىرى بويىچە تەربىيىلەنگەن يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرىدۇر. ئالىي مائارىپ خىزمىتى چوقۇم مۇشۇ خىلدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەركەز قىلىشى كېرەك». ئۇ ئۆزىگە ئۆزى قويغان سوئالغا ئاشۇنداق جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدەمنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق، ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنمىغان، لېكىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇسلاشقان كەسىپلەر بويىچە ئوقۇيدىغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇشتىن باشلىدى ھەمدە ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئالاقە قىلىپ مەركەزدىكى 23 مىنىستىرلىككە قاراشلىق 58 ئالىي مەكتەپ بىلەن توختاملىشىپ، 1996 - يىلدىن باشلاپ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى ئەسلىدىكى يىلىغا 400 نەپەردىن 2001 - يىلىغىچە بولغان 5 يىل ئىچىدە يىلىغا 860 نەپەرگە كۆپەيتىش ھەققىدە 5 يىللىق توختام تۈزۈش خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر قاتناشتى.

ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىچىدە ئادەم ئامىلى يادرولۇق، جانلىق ئامىل بولۇپ، بىر رايوننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئادەم، مەبلەغ تېخنىكىدىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ

ئەلا سۈپەتلىك بىرىنچى ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلانى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا مەركەزنىڭ سىياسىتىدە غەربىي شىمالنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە بولغان ئىجابىي ئىغىش گەۋدىلىك. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلانى»نىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشتە كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە 3 - كەسپنى تايانچ قىلغان ئىگىلىك شەكلىنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر. بۇ ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج. بۇ جەھەتتە بىز ئەنۋەر ئوسماننىڭ چوڭ ۋەزىيەت ۋە بۈيۈك يۈزلىنىشنى كۆزدە تۇتالىغانلىقىدەك ئالدىن كۆرەرلىكى، خىزمەتتىكى ئىلمىيلىكى ۋە ئاكتىپلىقى قىسقىسى، ستراتېگىيىلىك ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

1994 - يىلى 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان مەزگىل ئۇنىڭ خىزمەتلەر ئۈستىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈشىدە سۈپەت خاراكتېرلىك سەكرەش ھاسىل قىلغان ئالتۇن مەزگىلى بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ قېتىم مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ مەھكىمىسىگە سانائەت - پەن باشقارما باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە بېيجىڭغا ئۆگىنىش ۋە چېنىقىشقا باردى. ئۇ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن باشقارمىدىكى يولداشلارنىڭ خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلدى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پايتەختتىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا دائىر ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى يېزىپ چىقتى ھەمدە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي رامكىسى ۋە شەكلى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تەجرىبە توپلاش ئۈچۈن شاڭخەي شەھىرى، جياڭسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىگە بېرىپ كۆپ خىل يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئالىي مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئىلغار مائارىپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى ۋە مۇشۇ ئاساستا بىر نەچچە



*ئەنۋەر ئوسمان ئاساسىي قاتلامدا.*

پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇنى «جۇڭگو ئىمتىھانى ژۇرنىلى» قاتارلىق خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، پەن - تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۇ بېيجىڭغا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا بارغاندا، بىر مۇھىم ئىشنى تاماملىغانلىقىدىن رازى، يەنى جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئۆلچىمى» دېگەن 96 ماددىلىق ماتېرىيالنىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى تەييارلىغان ئىدى.

دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئالىي مائارىپ

مەھكىمىسى يىراق چېكرا رايونىدىن كەلگەن بۇ ئۇيغۇر تالانت ئىگىسىنىڭ ئىجتىھاتى، قابىلىيىتى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىشتەك خاراكتېرى ۋە شۇ ئاساستا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن خۇرسەن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە خەت ئەۋەتتى. ئەجرىگە لايىق ئۇ 1994 - يىلى مائارىپ كومىتېتى ئورگىنى بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

يولداش ئەنۋەر ئوسمان پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بىر مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە تىلشۇناسلىق، سىياسىشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پىسخولوگىيە ئىلمى، مائارىپ باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە بىرقەدەر پۇختا بىلىمگە ئىگە، كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان زىيالى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى كومپيۇتېر خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ دائىمى مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ۋە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتىگە مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدە يەنە بىر ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نەرسە شۇكى، ئۇ ئالىي مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن كېيىن خەلقئارا مائارىپ بويىچە ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش ئىشلىرى كۈچەيتىلىپ، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى. چەت ئەلدە ئوقۇپ ئىلمي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش نىسبىتى% 98 كە يېتىپ، رايونىمىز تەۋەسىدە كۈچلۈك پەن - تەتقىقات قوشۇنى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى «شىنجاڭ ياشلىرى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» قاتارلىق ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلدى. تېلېۋىزور مۇخبىرلىرى تەرىپىدىن زىيارەت قىلىندى.

ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ھەققىدىكى بىلىشىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئاز - تولا بىرنەرسىلەرنى بىلىپ باقماقچى بولدۇم. بولۇپمۇ مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئىدى.

- ئەنۋەر ئاكا، كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىدىغان بىرەر يېڭى ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

- يېقىنقى 2 - 3 يىلدىن بىرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، شۇنداقتىمۇ بىرئاز چوڭراق ھەجىمدىكى ئەسەرلەردىن ئۈچىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلىش ئالدىدا تۇرىمەن. ئۇنىڭ بىرى، يولداش ئابدۇۋايىت قاسىم بىلەن بىرگە تۈزگەن 4 تىللىق لۇغەت يەنى «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە - ئىنگلىزچە-رۇسچە پەن - تېخنىكا ئىزاھلىق لۇغىتى»، يەنە بىرى، «ئىمتىھاندىن قورقۇش كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش» (بۇ كىتاب مەزكۇر ئەدەبىي ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىش ھازىرىسدا نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى-مۇھەررىردىن)، ئۈچىنچىسى، «ئىنسانلار ھاياتىدىكى بىرىنچى قول قاتىل - تاماكا» دېگەن كىتابلار.

مەن ئۇنىڭدىن خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ۋە «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئالىي مائارىپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى سورىغىنىمدا ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

- 1993 - يىلى 5 - ئايدا مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش غوپۇر ئابدۇللا يېتەكچىلىكىدىكى ئۆمەك تەركىبىدە ياپونىيىگە باردىم. شۇ چاغدا بىز «ياپونىيە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار جەمئىيىتى» بىلەن ئۆزئارا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش توغرىسىدا توختام تۈزۈشكەندۇق. شۇندىن بىرى بىز ئۇ توختامنى ئىجرا قىلىپ كەلدۇق. 1995 - يىلى 8 - ئايدا قازاقىستان، قىرغىزىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى، ئىسسىق كۆل

ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قىرغىزىستان خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسسىق كۆل شۆبىسى بىلەن مەلۇم ساندا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش توغرىسىدا توختام تۈزۈشتۇق. «9 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە بىز ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. جۈملىدىن مۇھىم نۇقتىلارمۇ كۆپ. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە بىزدە تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي تەسەۋۋۇرلار بار: ئۇ بولسىمۇ بىز «مائارىپ قانۇنى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن مائارىپ ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمىنى ياخشىلاپ، تۈرلەر قۇرۇلمىسىنى ۋە قاتلام نىسبىتىنى مۇۋاپىق تەڭشىمەكچى. پەنلەر قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇپ ھازىرقى دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقى بېرىلگەن كەسىپ نۇقتىلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ ۋە تولۇقلاپ، ئىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 2000 - يىلى نۇقتىلىق پەنلەرنى 30 دىن كۆپرەككە يەتكۈزمەكچى. دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقى بېرىلگەن كەسىپ نۇقتىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەشكە ۋە 100 دىن كۆپرەككە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرمەكچى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مائارىپتىكى مەكتەپ ئېچىش تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى، مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسى، مەكتەپ ئېچىشتىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئىسلاھات سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكچى. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانى، خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى، ئوقۇش نومۇرى تۈزۈمى، شاللاش تۈزۈمى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، مائارىپ سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرمەكچى.

كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئىقتىدارلىق زىيالىي ئەنۋەر ئوسمان 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يەنە بىر قېتىم مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىغا بىر يىللىق تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى تەربىيىلىنىش مەزگىلىدە سىياسىي نەزەرىيەۋى پەنلەرنى ئاساس قاتلام خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، سىنىپ ۋە مەكتەپ بويىچە ياخشى باھاغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، سىنىپتىكى تۈرلۈك ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى.

ئالىي مائارىپ خىزمىتىنى 5 يىل ئىشلىگەن ئەنۋەر ئوسمان يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چوڭلار مائارىپ باشقارمىسىغا مەسئۇل بولۇپ يۆتكەلدى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بىراق، ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە جەڭگىۋارلىق بىلەن يېڭى سەپكە ئاتلاندى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم يەنە يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى خىزمەت بىناسىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراپ يول ئالدىم. مېڭەمدە ئۇنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە زوقىنى قوزغايدىغان نەتىجىلىك خىزمەتلىرى بىر - بىرلەپ تەكرارلىنىۋاتاتتى. بارا - بارا ئۇ ھەققىدىكى نۇرغۇن سوئاللىرىمغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار چىقىشقا

باشلىدى.

ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تونۇش ئەنۋەر ئوسمانلا بولۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا جەمئىيەتكە، ۋەتەنگە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشتا ئۆز خىزمەت ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىۋاتقان ۋە بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتقان ياش زىيالىي ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى ھەر بىر مىنۇتىدا تەشكىل ئۆزىگە بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقىلا قانائەت قىلىپ قالماي، بەلكى بىر ئۆگەنگۈچى، ئىزدەنگۈچى، كەسىپ بېجىرگۈچى، باشقارما مەسئۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى كۈندىن-كۈنگە زورايتىپ بارماقتا ئىدى.

يولدا كېتىۋاتىمەن، شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ قەلبلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان سەمەرىلىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئېسىل خاتىرىلىرى ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە، قەلبىمدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە زوقلىنىش ھېسسىياتى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا. ئۇنىڭ زېھنى، ئىجتىھاتىغا پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ تۇرغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟ دېگەن قىزىقىش مېنى ئويلاندۇرماقتا...

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمدە بىردىنلا شۇنداق ھۆكۈم چىقاردىم: ھاياتلىق گۈزەل، ياشلىق تېخىمۇ گۈزەل، ياشلىقنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى قەدىرلىگەن كىشىنىڭ قەلبى ھەممىدىن گۈزەل. چۈنكى، ئۇ بىھېساب مېھنەت ۋە ئەمگەكنى ئارقىلىق يۈرىكىدە سانسىز قەلبلەر ئۈچۈن گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلەش ئارزۇسىدا ھەر ۋاقىت ئىزدىنىدۇ، تىرىشىدۇ، ئوت بولۇپ كۆيىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئابىدە ئوتلۇق يۈرەكتىن تىكلەنگەن ئابىدە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوتلۇق يۈرىكىدىن مېھنەت ۋە ئەمگىكى بەدىلىدە گۈزەللىك ئابىدىسى تىكلەۋاتقان مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىمىزنىڭ بىرى ــ دەل مۇشۇ ئەنۋەر ئوسمان ئىدى.

## ژۇرنىلىمىز ئاپتورلىرى دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەممە تەرەپتىكى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ ۋە بېيىتىپ، ژۇرنىلىمىزغا سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ۋە ئۇنى قوللاۋاتقان ھەر ساھە مۇشتەرىلىرىنى سەرخىل ئوقۇشلۇق بىلەن تەمىن ئېتىش، ژۇرنىلىمىز ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ قىزغىنلىقىغا مەدەت بېرىش مەقسىتىدە، ژۇرنىلىمىز يېقىندا، بۇ يىلدىن باشلاپ ئۈچ تۈر بويىچە يىللىق ماقالە - ئەسەر مۇكاپاتى، يەنى «جەزىرە» ئەدەبىيات مۇكاپاتى، «يۇلتۇز» ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى ۋە «كۆزنەك» تەرجىمە مۇكاپاتى تارقىتىشنى قارار قىلدى. تۇنجى نۆۋەتلىك 1999 - يىللىق مۇكاپات ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىلقى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ماقالە - ئەسەرلەر ئىچىدىن تاللىنىدۇ. يىل ئاخىرىدىكى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ماقالە - ئەسەرلەر ئىلگىرىكى باشقا ھەرقاندلق مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان، بىرقەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتى، بەدىئىي قىممەت ۋە جەلپكارلىققا ئىگە بولۇشى، كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە - ئەسەرلەردىن سانىلىشى كېرەك. باشقا گېزىت- ژۇرناللاردىن تاللىۋېلىنغان ماقالە - ئەسەرلەر باھالاشقا قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ھەر بىرساندا ئېلان قىلىنغان بارلىق ماقالە - ئەسەرلەرگە بۇرۇنقىدەك ئۆلچەم بويىچە تېگىشلىك قەلەم ھەققى تارقىتىلىۋېرىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر سان 64 - بەتتىكى كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش جەدۋىلىگە ئاساسەن، كىتابخانلار توشقۇزۇپ ئەۋەتكەن باھانى ۋە ژۇرنىلىمىز ماقالە - ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باھالىشى ئارقىلىق، مۇكاپاتلىنىدىغان ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىكى، ئاپتورلارنىڭ سۈرىتى ۋە مۇكاپات سوممىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى ئىككى سانىغا بېرىلگەن 1999 - يىللىق «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر مۇسابىقىسى «جەزىرە» ئەدەبىيات مۇكاپاتى دەپ بېكىتىلدى. كىتابخان ۋە ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋاقىپلىنىپ قېلىشىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ماقالە - ئەسەرلىرىنى مۇكاپات ئۈچۈن سۇنۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى شۇ دەرىجىلىك كارخانا ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ش ھ ب [1998] 170 - نومۇرلۇق 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، مەمۇرىي مەھكىمىلەرگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاستە ئاپپاراتلىرىغا:

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1998] 8 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا بولۇشى ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ [1998] 2 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىمۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىسلاھات ئاپپاراتلىرىغا شۇ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قاتناشتۇرۇش ئېنىق تەلەپ قىلىنغانىدى. لېكىن، ھازىرقى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە يەنىلا 3 تىن 1 قىسمىدىن كۆپرەك ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە سانائەت (نازارەت، ئىدارە، شىركەت) ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھەمدە 60 تىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر)لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تېخى شۇ دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كارخانا ئىسلاھاتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈلمىگەن، بۇ ھال ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىسلاھات لايىھىسىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا قاتنىشىشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى شۇ دەرىجىلىك كارخانا ئىسلاھاتىغا قاتناشتۇرۇشقا ئائىت خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى (نازارەت، ئىدارە ۋە شىركەت مەمۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئىسلاھات رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا شۇ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلىنى قاتناشتۇرۇشى، ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىرىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات لايىھىسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تۈزۈشتە شۇ دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى لازىم.

3. كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسى جۈملىدىن مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، مۇئاش تەقسىماتى، سۇغۇرتا، پاراۋانلىق قاتارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش لازىم. كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى يولغا قويۇشتا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

سىياسەت ۋە قانۇن - تۈزۈم

## چېرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئالاھىدە ھەمكارلاشقان سەھىپە

تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا بولۇپ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن بولۇپمۇ 1995 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «تەمىنات- سودا كوپېراتىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاساسىي مەۋقەنى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا قارىتىپ، تىجارەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، مۇئەييەن دەرىجىدە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئەمما، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قۇرۇلغاندىن بىرى ئىزچىل تۈردە پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى بويىچە تىجارەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ تىجارەت قۇرۇلمىسىنى بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، «تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق



# تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا تاۋار ئوبوروتىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

= تۇرسۇننىياز نۇرى =

(چېرا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى)

چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن، بىرلىككە كەلگەن، رىقابەتكە تولغان، تەرتىپلىك بولغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسىنى تېزدىن

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى مۇنبىرى

شەكىللەندۈرۈپ، دېھقانلارغا ياخشى بازار مۇھىتى يارىتىپ بېرىش - يېڭى ئىقتىسادنىڭ سىجىل راۋاجلىنىشىنىڭ جىددىي تەلىپى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا باش كوپىراتىپى «ئەگەر تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلمىسا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇڭا تەمىنات - سودا كوپىراتىپلارنى دېھقانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلىگە ئايلاندۇرۇش يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ھەم ئەمەلىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىش لازىم» دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان شارائىتتا تەمىنات - سودا كوپىراتىپلارنىڭ يېزا تاۋار ئوبوروتىدىكى رولىنى كۈچەيتىش ۋە ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئىنتايىن مۇھىم بولماقتا. تۆۋەندە مەن بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمەن.

ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش، سېتىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەش، ئەلا سۈپەت ھەم تۆۋەن تەننەرخ ئارقىلىق بازارنى ئىگىلەش، ئەۋزەل شارائىت ھەم ئەۋزەل مەھسۇلات ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئىنتايىن مۇھىم بولماقتا. شۇڭا تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى بۇ خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ چىڭ تۇتۇش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشتە شۇ ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىتىغا، تۇپراق ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، ئۇنۇمى يۇقىرى، باھاسى تۆۋەن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش، ھەر يىللىق تېرىلغۇ پەسلىدىن بۇرۇن پاختا ۋە باشقا شۇ رايوندا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياج، بازار ئەھۋالى، باھاسى، سۈپىتى ھەمدە سېتىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئالدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

ئاشلىق، پاختا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىش، مۇلازىمەت ئۇسۇلى ۋە شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، دېھقانلارنى ئۆلچەملىك، باھاسى مۇۋاپىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ۋاقتىدا، تولۇق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، خىمىيۋى ئوغۇت، يالتىراق يوپۇق ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە پائال ئىزچانلىق كۆرسىتىش، ئاساسلىقى خىمىيۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى كۆپ، ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن يۈرۈشلەشكەن پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تېخىمۇ زور ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ئوبوروت مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئوبوروت مۇلازىمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى - پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، پاختا ئوبوروت يوللىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت.

1997 - يىلىدىن باشلاپ پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسىدە زور بىرقاتار ئۆزگىرىش بولدى، يەنى پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى، سېتىش باھاسى ھەم پاختا تىجارىتى قويۇۋېتىلدى. لېكىن گوۋۇيۈەننىڭ «پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» دا، «پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاش سالاھىيىتىنى بېكىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. پاختا سېتىۋېلىش ئورۇنلىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن بولۇش يەنى بەلگىلەنگەن دەرىجىدىكى مەبلەغكە، كەسپىي سالاھىيەتكە، سۈپەت تەكشۈرۈش خادىملىرىغا، ئېھتىياجلىق بولغان تىجارەت مەيدانى ۋە ئۈسكۈنە - ئەسلىھەلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ جەھەتتە تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى بىرقەدەر ياخشى ئاساسقا ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. شۇڭا پائال ئىزدىنىپ، ئەمەلىي

تېرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى تاللاشقا ماھىر بولۇپ، پاختا ئوبوروتىدا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. نۆۋەتتىكى پاختا ئوبوروتى داۋامىدا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئاساسلىق پاختا بازارلىرىغا كىرىش ئارقىلىق، پاختىنىڭ سېتىش يوللىرىنى ئىزدەش، بازارنى باشلامچى قىلىش ئارقىلىق، مەھسۇلات ئەۋزەللىكىمىزنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىنىڭ سېتىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى پاختا سۈپىتى ۋە تەننەرخىتىن ئىبارەت. پاختا سۈپىتى بولسا - پاختا سورتى، رەڭگى، نەملىكى، ئەخلەت مىقدارى، پىششىقلاپ ئىشلەش داۋامىدىكى تېخنىكىلىق ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بارلىق پاختىكارلارنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشىگە باغلىق. شۇڭا پاختىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، پاختا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئەلا سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پاختىنى 5 كە ئايرىش جەھەتتىكى تەلەپلەرگە پائال ماسلىشىش، پىششىقلاش داۋامىدا سۈپەت تۆۋەنلەپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئوراش، قاچىلاش داۋامىدىكى سۈپەتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش، يۆتكەش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بۇنىڭ بىلەن ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزغا بازاردا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى ھازىرلاش لازىم. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتىدىكى داۋالغۇش ناھايىتى كۆپ بولدى. نۇرغۇنلىغان دېھقان - چارۋىچىلار قايسى خىلدىكى مەھسۇلاتلارنى كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش، قايسىنى ئازايتىش جەھەتتە گاڭگىراپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ خىلدىكى مەھسۇلاتلار بىلەن تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ بەزىدە كۆپىيىپ بەزىدە ئازىيىپ تۇردى. بەزى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بۇ خىلدىكى تىجارەتتىن قول ئۈزدى. نەتىجىدە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. شۇڭا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش، بۇنىڭدا ئاساسلىقى كەسپىي كوپېراتىپلارنى قۇرۇپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، توختام ئىمزالاپ سېتىۋېلىش، ئۆز ئالدىغا سېتىۋېلىپ بىرلىشىپ سېتىش، ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش، ۋەكالىتەن پىششىقلاش، ساقلاش، توشۇش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ.

يېزا تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇشتا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

بىرى، پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان ئۆتكۈنچى شارائىتتا، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېزا تاۋار ئوبوروتىدىكى رولىنى كۈچەيتىش، ئورنىنى مۇستەھكەملەش مەسىلىسىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. يەنە بىرى، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ كوپېراتىپ ئەزالىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆزقارىشىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مۇشۇ يولدا مېڭىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مۇھىملىقىنى ئېنىق تونۇتۇش لازىم. ئۇندىن باشقا ھەرقايسى ئورۇنلار بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتا ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا، رايون ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش لازىم.

* * *

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن ئۈنۈۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش - تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر تۈرلۈك جىددىي ۋەزىپە، بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان ئۆتكۈنچى شارائىتتا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا تاۋار ئوبوروتىدىكى رولىنى كۈچەيتكىلى، ئورنىنى مۇستەھكەملىگىلى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئىزچىل ئاشۇرغىلى بولىدۇ.



# مىسىر ئەسلىمىلىرى

= مۇتەللىپ سىدىق =

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)
(بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدا)

## ● مىسىردا تۇركلەر

بۇ تېمىنى يورۇتۇشتا، گەپنى مىسىر يەرلىك تىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەرەب تىلى - ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى، شۇنداقلا دۇنيادىكى باي، گۈزەل، چوڭ تىللارنىڭ بىرى. لېكىن ئۇمۇ باشقا تىللارغا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ھادىسە بولغانلىقتىن، ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئۆز ئىچىدىن مىسىر، سۇرىيە، ئىراقنى ئاساس قىلىپ، ئۈچ چوڭ دىئالېكتقا (يەرلىك تىلغا) ئايرىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مىسىر دىئالېكتى (يەرلىك تىل) گەۋدىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا سىز مىسىرلىقلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئەرەب ئەدەبىي تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، مىسىر يەرلىك تىلىنىمۇ ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. چۈنكى مىسىرلىقلار ئومۇمەن يەرلىك تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئۇنى

**مەن كۆرگەن دۇنيا**

ئىشلىتىش دائىرىسى ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ھالقىپ، ھەتتا رادىئو، تېلېۋىزور، كىنولارغىچە كېڭەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېكايىلەردىكى دىئالوگلار، ئالىي مەكتەپ دەرسخانىلىرىدىكى لېكسىيلەرمۇ يەرلىك تىل بىلەن سۆزلىنىدۇ. مىسىر كىنولىرى ۋە ناخشىلىرىنىڭ باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىگە كىرىشكە ئەگىشىپ، مىسىر يەرلىك تىلى ئەرەب خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشىنىدىغان تىلغا ئايلىنىپ قالدى.

مىسىر يەرلىك تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇنىڭدا، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا تىللارنىڭ تەسىرىنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، بۇ، مىسىر يەرلىك تىلىنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرىدىن بىرى.

بىر تىلنىڭ چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىشى نورمال ئىش. ھەرقانداق بىر تىلدا چەت تىلنىڭ تەسىرى بولىدۇ. لېكىن ئۇ، شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ باي - كەمبەغەللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى مۇئەييەن شارائىت بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مىسىر يەرلىك تىلىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئۇنىڭدىكى تۈركچە تەركىبلەردۇر. مىسىر يەرلىك تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ئارىلاشمىسى دېسە، ئارتۇق كېتەر، لېكىن تارىختا ئۇلارمۇ تۈرك تىلىغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق. مىسىر 1516 - يىلىدىن تارتىپ 1952 - يىللىرىغىچە ئىلگىرى - ئاخىر 400 يىلغا يېقىن ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، 50 يىلغا يېقىن فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا بولغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ 250 يىل ئەتراپىدا مەمالىكلارنىڭ قول ئاستىدا بولدى. مەمالىكلارمۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك ئەسىرلەر بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇلارنى قول قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇلارنى مەمالىكلار (قۇللار)دەپ ئاتايتتى. 1260 - يىلى موڭغۇللارنىڭ ئەرەب زېمىنىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، مىسىر ۋە سۈرىيىنى مەمالىكلار قولغا كىرگۈزدى. يەنى ئۇلار بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەرەبلەردىن ھوقۇق تارتىۋالدى. كېيىن مەمالىكلار دۆلىتىنىڭ زەئىپلىشىشى بىلەن ئوسمانلى تۈركلىرى ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى سۇلتان تۇمانباينى ئۆلتۈرۈپ، مىسىر ۋە سۈرىيىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىر يەنە داۋاملىق تۈردە مۇستەملىكە بولۇپ قېلىۋەردى.

مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆز تىلىنى مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرگە ھەرخىل يوللار بىلەن مەجبۇرىي تاڭىدۇ. خەلقنىڭ ئۆز تىلىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل بولغان بىر تىلمۇ، زوراۋان يەنە بىر تىلنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

تۈركلەرمۇ تۈرك تىلىنى مىسىر شەھەرلىرىدە رەسمىي دۆلەت تىلى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە، دۆلەت تىلى بولغان تۈرك تىلىنى ئىگىلەش ئوسمانلىلاغا تەۋە بولۇشنىڭ بىر شەرتى ئىدى. بۇ تىلنى ئۆگەنمىگەن كىشىلەر ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇلمايتتى. خىزمەتچىلەر، ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەر ھەر ۋاقىت تۈركچە سۆزلەرنى ئاڭلاشقا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا جۈملىدىن خىزمەتتە مۇشۇ تىلنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولاتتى.

تۈركلەر دۆلەتنى ھەربىي تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ زور ساندا ھەربىي ئاتالغۇلار ۋە ھۆرمەت ناملىرى تۈرك تىلىدىن ئەرەب تىلىغا قوبۇل قىلىندى. مەسىلەن: يۈز باشى (كاپىتان)،

باشچاۋش (پولك باشلىقى)، بەك باشى (ئەترەت باشلىقى)، ئون باشى (ئون ئەسكەر باشلىقى)،ھەكىم باشى (ھەربىي دوختۇرلار باشلىقى)، باش تەمەرجى (باش سېستىرا)، تەئلىمجى (مەشق قىلدۇرغۇچى)، توپچى (توپ باشقۇرغۇچى)، ئەپەندىم، خانىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش. مىسىر يەرلىك تىلىدا تۈركچە ئارقىلىق كىرگەن پارچە سۆزلەر ۋە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن: باشا (پادشاھ، ئەپەندى، ئۇستاز)، خانە، بازار، زەركەش (ئالتۇن ساتقۇچى)، مېھماندار قاتارلىقلار.

تۇرمۇشتىكى سۆزلەر ئىچىدىمۇ تۈركچە تەركىبلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: يەغمۇر (يامغۇر)، بۇلاق، ئۇدە (ياتاق)، كۇبرى (كۆۋرۈك)، كەباب (كاۋاپ)، مەنچەنەق (مەنچاناق)، بابا (بابام)، قىمار، خەمۇرچى (ھاراق ياسىغۇچى)، بىيادە (پىيادە)، بىيگىنى (بىر جۈنەيە) دېگەندەك...

مىسىرلىقلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۇلارغا تۈركلەرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان نەرسە يالغۇز مىسىر يەرلىك تىللا ئەمەس، بەلكى تۈركلەر قالدۇرۇپ كەتكەن تەسىر ناھايىتى چوڭقۇر، قاھىرەدە «مەسجىدى مۇھەممەت ئەلى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى كاتتا ۋە قەدىمىي بىر مەسجىد بار. بۇ جاينى مىسىرلىقلار «قەلئە» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنى قەلئە دېيىشمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تۈرك ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان مۇھەممەت ئەلى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان ئوردا شەھىرى بولۇپ، قاھىرە بويىچە ئەڭ ئېگىز تۆپىلىككە ئورۇنلاشقان. مەسجىد شۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر قۇرۇلۇش. ھازىر بۇ جاي ھەم تۈركلەر دەۋرىدىن قالغان يالداما، ھەم شۇ دەۋرنىڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمە قىلىنىدىغان مۇزېي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇلار «قەلئە» دە تۈركلەرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ يۇكسەك بىناكارلىق سەنئىتىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈركلەرنىڭ مىسىردىكى 400 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مىسىر خەلقىگە كەلتۈرگەن ئازاب- ئوقۇبەتلىرى توغرىسىدىكى قىسسىلەرنى ئېچىنىش بىلەن ئاڭلايدۇ. ھەرقانداق بىر زىيارەتچى، مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ھەتتا مۇستەملىكە يۈرگۈزگۈچى مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ، ئىككىنچى بىر مىللەتنى ئەزگۈچىنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تارىخنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇستەملىكىچىلەرنى رەھىمسىز تۈردە جازالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دەر ھەقىقەت، تۈركلەرمۇ مىسىر زېمىنىدىن ئاخىرى كېتىپ قالدى، فرانسۇزلار، ئەنگلىزلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. قەھرىمان مىسىر خەلقى مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ئۆز ۋەتىنىنى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن بەرىبىر تارتىۋالاتتى. مۇستەملىكىچىلىك بەرىبىر ئۆتمۈش بولۇپ قالاتتى.

قاھىرە شەھىرىنىڭ ئاۋات جايلىرىدىن بولغان «ئەتەبە» (ئوپېرا) مەيدانىدا ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋالىيلىرىدىن بىرى ئىبراھىم پاشانىڭ ئاتقا مىنىپ، شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ھەيكىلى بار. ئۇ كۆرۈنۈشتە كىشىلەرنى «بۇ زېمىنلار ۋە بايلىقلار تېخى كۆپايە قىلمايدۇ» دەۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. لېكىن بەزى مىسىرلىقلار ئۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىغاندەك، ھەيكەل يېنىدىن بىخىرامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار: ئەمدى ئۇ پەقەت بىر ھەيكەل، ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى. ئۇ ھەرقانچە ھەيۋەتلىك كۆرۈنسىمۇ، بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ، دەيدۇ- دە، ئەلۋەتتە.

ئەمما، تارىخنى ئەستىن چىقىرىپ قويىدىغانلار كۆپ ئەمەس. سەن بەختلىك بولغان تەقدىردىمۇ ۋە ئۆتمۈشكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنگەن بولساڭمۇ، يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى

ئۆچمەنلىك ئوتىنىڭ ھامان كۆيۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن. 1989 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مىسىر ئالىي مائارىپ ۋازارىتىگە قاراشلىق «چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبى» بىزنى ساياھەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئاپتوبۇس بىلەن جەنۇبىي سىناغا ئېلىپ ماڭدى. ئارىمىزدا تۈركىيىلىك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ بىرنەچچىسى بار ئىدى. بىز تېخى قاھىرە شەھىرىدىن چىقىپ بولمايلا، بىزنى يېتەكلەپ ئېلىپ ماڭغان كۇلۇب باشلىقى (ئەرەب) ئاپتوبۇسنى توختىتىپ: «تۈركلەر بۇ يەرگە چۈشۈڭلار» دەپ توۋلاپ، تۈرك ئوقۇغۇچىلارنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپ، بىر يەرگە باشلاپ كەتتى. تۈركلەرمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، جىمجىت ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. نېمە ئىش قىلدىغاندۇ دەپ قارىسام، ئۇلارنى بىزنىڭ چۈشلۈك تاماقىمىز ئۈچۈن سېتىۋالغان تەييار يېمەكلىكلەرنى توشۇغىلى سالدى.

مەن فىلىپپىنلىق بىر ئوقۇغۇچى بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدىم. ئاپتوبۇستا فىلىپپىنلىقلاردىنمۇ 7 ـ 8 ي بار ئىدى، بىز ماڭغاچ قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ مەندىن ئىسمىمنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىمنى سورىدى. ئۇ مېنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى، جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمنى ئۇققاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئۆزىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆز راسخوتى بىلەن ئوقۇۋاتقان تالىپ ئىكەنلىكىنى، جەنۇبىي فىلىپپىندىن كەلگەنلىكىنى، جەنۇبىي فىلىپپىندا 9 مىليون مۇسۇلمان بارلىقىنى دەپ بەردى. مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشىمدىكى سەۋەب، بىز شۇنداق خۇشال ـ خورام كېتىۋاتقاندا، تۈركلەرنىڭ يەنە توساتتىن چاقىرىلىشى دىققىتىمنى بۆلدى. كۇلۇب باشلىقى يېنىمىزغا كېلىپ: «تۈركلەردىن بىرىڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار» دېدى. چۈنكى ئارقىمىزدىكى ئورۇندۇقتا تۈركلەر ئولتۇرغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ماشىنىنى توختاشقا بۇيرۇپ، بىر تۈرك ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن تارتىپلا پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. يەنە قارىسام، ئۇ كەچلىك تاماق ئۈچۈن سېتىۋالغان نەرسىلەرنىمۇ ھېلىقى تۈرك ئوقۇغۇچىغا كۆتۈرتكەن ھالدا ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ بىرىنچى قونالغۇسى بولغان «دەھەب» ساياھەت رايونىدا يېتەكچى بىزنى دۆلەتلەر بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ياتاققا تەقسىم قىلىپ (باشقا قونالغۇلاردىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق، ئىتالىيىلىك، يۇنانلىق، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس كارىۋاتلىق ئالىي ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈركلەرنى چەترەكتىكى بىر قەدەر ئاددىي لاپاس ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەن بۇ خىل پەرقلىق مۇئامىلە، بايىتىنقى ئىشلار بىلەن قوشۇلۇپ، مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. گەرچە مەن ئۆزۈم ناھايىتى كۆڭۈللۈك سەپەر قىلدىم دېسەممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىختىيارسىز ھالدا: بۇ ، مىسىرلىقلارنىڭ تۈركلەرنى «ئەينى ۋاقىتتا سىلەر بىزنى ئىشلەتكەن بولساڭلار، ئەمدى بىزنىڭ قولىمىزدىمۇ ئىشلەپ بېقىڭلار» دېگىنىمىدۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم.

توۋا، ئېزىلگەن مىللەت مەھكۇملۇق ئورنىدىن قۇتۇلغاندا، مۇستەملىكىچىلەر تارتىشقا تېگىشلىك دەردىنى ئەشۇ مۇستەملىكىچىنىڭ ئەۋلادلىرى تارتىدىكەن! تۈركلەر بۇنى چۈشەنگەندىمۇ؟

ئاخىرقى سۆزۈم: مىسىر ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمگە ئىشتىراك قىلغان بارلىق دوستلارغا ھەمدە بۇ ئەسلىمىلەرنى قەدىردان كىتابخانلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە ئىمكان ياراتقان «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت!

(تۈگىدى)



# ئۇيغۇرلار رېئالىزمغا قاندىمۇ؟

— يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ «لېيىغان بۇلاق» رومانى ھەققىدە

= ئابلەت ئابدۇرېشىت =
(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)

بەس - مۇنازىرە

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم تۆت قىسىملىق بىر روماننىڭ بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىنىشى مېنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى. ئەسىر بوسۇغىسىدىكى كىرزىس تۇيغۇسى مېنى ئۇزاقتىن بۇيان قىيناپ كېلىۋاتاتتى. ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە كاللامدا لەيلەپ يۈرگەن سوئاللار تەپەككۇرۇمنى غىدىقلايتتى. ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى قاچانمۇ گۆدەكلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قارىغۇلارچە يېتەكلىنىشتىن، تەقلىدتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خاسلىقىنى تاپار؟ قاچانمۇ ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى دېگەن ئۆلۈك نەزەرىيەنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھادىسىۋى قاتلىمىنى تاشلاپ، تەپەككۇر يۈكسەكلىكى دەۋرىگە قەدەم قويار؟ گېزىت-ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ بەزىدە ئۈمىدلىنەتتىم، بەزىدە قايغۇغا چۆمەتتىم. دەل شۇ چاغدا كىتابخانىدا «لېيىغان بۇلاق» (ئايرىم ماۋزۇلىرى «ئۈچ دوست»، «قارا چايشاپلىق قىز»، «قارچۇقتا قاتقان قان»، «ئۇششۇك تەككەن ياپراقلار») ناملىق تۆت قىسىملىق رومانىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالدىم، ئەجەبلەندىم. سەۋەبى ئەدەبىياتىمىز تېخى ئۆزىنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرمىغان — پەقەت شېئىرىيەت كونسېرى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىغا مېڭىۋاتاتتى. پىروزا يېزىقچىلىقىدا، بولۇپمۇ ئۆزىدىكى چوڭقۇر مەنىۋى ئېغىرلىق، كەڭ قاتلام، شېئىرلاشقان قۇرۇلما ئارقىلىق مىللىي تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدىن بىشارەت بېرىدىغان رومان ژانىرىدا ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى تۇرمۇشنىڭ ھادىسىۋى قاتلىمىغا بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن مەپتۇن بولۇش باسقۇچىدا بولۇپ، رومانلار ئېلان

قىلىنغان بولسىمۇ، تېخى سان ئۆتكىلىنى بېسىپ ئۆتمىگەن (رومان دەۋرى پروزىسىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى)، سۈپەت تەرەپتىن سۆز ئاچقىلى بولىدىغانلىرى بارماق سانىسا توشمايتتى. ياخشى رومانلار ھەقىقەتەن يوق ئەمەس. «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قۇم باسقان شەھەر» دەك ئەسەرلەر بار. لېكىن ئۇلار بەكمۇ يىگانە، ۋايىغا يەتكەن ئەدەبىياتتىكى ھەر خىل قاتلاملارنى ھاسىل قىلىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق. يازغۇچىلىرىمىز سىناق ئەسەرلەر (رومانلار) ئارقىلىق بەدىئىي دىتىنى سىناپ يۈرەتتى.

كۆپىنچە رومانلار ئۆزىدىكى بەدىئىي دىتنىڭ تايىنى يوقلۇقى بىلەن كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. ئەجىبا، «لېيغان بولاق»؟!...

كۆڭلۈمدە گۇمان، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بەدىئىي دىتى بىر قىسىملىق رومان يېزىشقا تېخى تولۇق يەتمەيۋاتقان ۋاقىتتا بۇ رومان ئاپتورىنىڭ بەدىئىي دىتى تۆت قىسىملىق رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا يەتكەنمىدۇ؟ ياكى بۇمۇ بىر قەغەز ۋە مەتبۇئات ئىسراپ قىلىدىغان سىناقمۇ؟

ئاخىرى يانچۇقۇمدا ئىقتىساد كرىزىس يۈز بېرىپ تۇرغان بىر كۈنى يازغۇچىنىڭ تۆت قىسىملىق رومانىنى ئۆزە قىلغان بەدىئىي دىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ چىقىش تەقەززاسىدا گۇمان ۋە ئۈمىد بىلەن يۈزنەچچە كوي پۇلنى تەستە ساناپ كىتابنى سېتىۋالدىم.

قەلبىمدە تەئەججۇپ، ھەيرانلىق؟ ئەجىبا... كۆزلىرىم رومان قۇرلىرىنى بويلاپ توختاۋسىز يورغىلايتتى. رومانىنىڭ كەينىدە مەلۇم بىر مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىسى ــ بەزىدە شولوخوف، بەزىدە جىبران يۈرگەندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق چەت ئەل يازغۇچىسى ئەمەس، ئۇيغۇر يازغۇچىسى جالالىدىن بەھرام ئىدى. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتى تۆت قىسىم رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىشقا يەتكەن، ھەتتا ئېشىپ قالغان. قەلبىمدە بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مىللىي مەنىۋى ئاچلىق (ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىغا تويۇنماسلىق) بىردىن مەلۇم دەرىجىدە قانائەت تاپقاندەك، روھىمدىكى 21 ـ ئەسىرگە ئەدەبىياتىمىز قانداق شەكىلدە قەدەم قويار دېگەن ئەندىشىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئازايغاندەك بولدى.

رومانىنىڭ توپ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر ئەسىرگە يېقىن ئىزدەپ، تاپتۇق دەپ جار سېلىپ يۈرگەن، لېكىن شوئار ۋە كۆپۈك رېئالىزم (ھادىسىۋى رېئالىزم) پاتقىقى ئاستىدا نىمجان بولۇپ قالغان رېئالىزم ۋە رېئالىزملىق روھنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغانلىقىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رېئالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغىلى يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. لېكىن بۇ جەرياندا ئۇ تومۇرداش خەنزۇ ئەدەبىياتىغا ئوخشاش ئىنقىلاب ۋە سىياسىي كۈرەشلەر جەريانىدا ئۆز قېنىدىن ئايرىلىپ قالدى. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر خىل رەڭدىكى رېئالىزم بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. لېكىن بۇ بايراقلار ھەر بىر سىياسىي دولقۇندا بىر يېڭىلىناتتى، لېكىن رېئالىزم دېگەن ماركىلا يېڭىلانمايتتى. نۇرغۇن يازغۇچىلار رېئالىزم بايرىقىنى بىر ئۆمۈر كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھەقىقىي رېئالىزمغا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ تومۇرىغا قان ھەم جان بېرىدىغان، ئۆزىنىڭ شەخسىي تەقدىرىدىن چىقىپ مىللەتنىڭ، ئۆز مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ، قىممەت قاراشلىرىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە قەدەر، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتى، مەنىسى ھەققىدە ئويلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان ئازاب ئېڭىغا ئېرىشەلمەي، ساختا ئازابنىڭ ــ سىياسىي رەڭۋازلىق ۋە نەپس (ياكى گال) رەڭۋازلىقىنىڭ كۆزنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان نۇرى ئاستىدا گاڭگىراپ قالدى. مەنىۋى ئاچلىقتىن كۆرە ماددىي ئاچلىقنى، مەنىۋى يالىڭاچلىقتىن كۆرە ماددىي يالىڭاچلىقنى، روھىي قۇللۇقتىن كۆرە ماددىي قۇللۇقنى ئازابنىڭ يۇقىرى پەللىسى بىلدى. ھەتتا ئازابنىڭ ھاياتقا مەنە بېغىشلايدىغان شېرىن تەرەپلىرىنى، كۆزگە قىلىچتەك ئاجايىپ ئۆتكۈر نۇر، دىلغا ئويناق تەپەككۇر ئۇچقۇنى ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى تونۇپ يېتەلمەي، ئازابنىڭ پوست قىسمىدا گاڭگىراپ قالدى. ئازابنىڭ

ئەڭ ئۇلۇغ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىرغىقىغا تەپەككۇر كېمىسىنى ھەيدەپ بېرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. بىز دەۋاتقان بۇ ئازاب دەل ھەقىقىي رېئالىزمنىڭ يۈرىكى ئىدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر رايىش كىتابخانلار تاقەت قىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەدەبىياتقا بولغان سەمىمىي تەلپۈنۈش، مەنىۋى مەھسۇلاتلار قىزغىنلىقى ئاستا ـ ئاستا نابۇت قىلىنىشقا باشلىدى. رېئالىزم دېگەن ئاتالغۇ ئەدەبىياتتىكى كىشىلەرنى ئەڭ زېرىكتۈرىدىغان ئېتىبارى يوق گەپكە ئايلاندى. بۇ خىل ھالەت پۈتكۈل مىللەت خاراكتېرلىك نەق ھايات مەسىلىلىرىگە قارىغاندا خىيالغا مەپتۇن بولۇش، رېئاللىقتىن قېچىش پسىخىكىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا تاس قالدى. لېكىن ئىسيانكار روھ بىلەن تولغان بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ چۇقانى دەل ۋاقتىدا چېلىنغان سىگنال بولدى. كىتابخانلارنىڭ ساختا رېئالىزمغا بولغان بىزارلىقى بىردىن پارتلاپ مۇشۇ ياشلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېغىز ئېلىپ ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئون يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ دولقۇن تەسىرىدىن ھەقىقىي رېئالىزم قۇتقۇزۇپ قېلىندى. كىشىلەر بىر مەزگىللىك قىزغىن مودېرنىزم سىنىقىدىن كېيىن ئاخىرى ھەقىقىي رېئالىزمنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ئاپتور ئەسەردە ھېكمەت ـ گۈلزىبا، كامىل ـ نەپىسە، مۇرات ـ زۇمرەتتىن ئىبارەت ئۈچ جۈپ ياشنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. كىتابخان ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ رېئاللىقتىن 60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. 80 ـ 90 ـ يىللاردا يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل مەنىۋى پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزىنى كۆرۈۋالىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ ۋابا مىللىتىمىزنىڭ بارلىق پەلسەپە سىستېمىلىرىنى نابۇت قىلىشقا ئاز قالغانىدى، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى تۈگۈننى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان بۇ ۋابانىڭ تەسىرى شۇ چاغدىلا نۇرغۇن زىيان پەيدا قىلىپلا قالماي، ھازىرمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا چوڭ بولغان، ياشلىقىنى ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز زەھىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. رومان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ ئاجايىپ پاجىئەنى ئىنتايىن چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. پۈتۈن كىتابتا زورۇقۇش ئالامەتلىرى يوق، شۇنداقلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى پاش قىلىش تۈپ مەقسەتمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ پاجىئەلەرنىڭ يىلتىزى، ئەسەرنىڭ تۈنجى بولۇپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى باشقا قاتلام، ھېسسىي ئوبرازلارنىڭ ئەقلىيلىشى بىلەن يۇرەككە چېلىقىدىغىنى يەنە باشقا قاتلام. تۈنجى قاتلام پوست، كېيىنكى قاتلام مېغىز.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى، ئەسەرنىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل ۋە پاساھەتلىك. ئاپتور ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىن ئىبارەت لېكسىكىسى ئىنتايىن باي قىسمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىنتايىن گۈزەل بەدىئىي ئۇنۇم ياراتقان. كىتابخان كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا گۈلزىبا، زۇمرەت، نەپىسەدىن ئىبارەت ئۈچ قىزنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ سېلىشتۇرۇپ باقسا بۇ نۇقتىنى دەرھال ھېس قىلىدۇ. ئەسەردە كۆزىمىزگە تۈنجى بولۇپ چېلىقىدىغىنى يېزا مۇئەللىمى گۈلزىبا، ئاپتورنىڭ نەپىس تەسۋىرلىرىدىن قەلبىمىزدە بىر گۈزەل سىماھىنىڭ ھەيكىلى ئاستا ـ ئاستا قوپۇرۇلىدۇ ۋە بىزگە مەن جاھاندا يەكتا دېگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي زۇمرەت گۈزەللىكىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە خاس خاراكتېرىگە ئىگە قاتلىمى سۈپىتىدە كۆزىمىزگە ئايان بولىدۇ. ھەيران قالىمىز، لېكىن نەپىسەنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىل گۈزەللىكتىن پەرقلىنىدىغان باشقىچە بىر جەلپكار قاتلىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى بىزنى ئاپتورنىڭ بەدىئىي سەزگۈرلۈكىگە، تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇغۇزىدۇ. ئۈچ قىز گۈلزاردىكى ئۈچ خىل چېچەكلىك، ئايرىم ـ ئايرىم شەكىلگە، خۇشپۇراققا، نازاكەتكە ئىگە ئۈچ خىل گۈل. ئۈچىلىسى مۇستەقىل ئۈچ قاتلام. ئەسەردە ئۈچ خىل گۈل گۈللەرنىڭ ھايات قانۇنىيىتى بويىچە ناھايىتى تېز ئېچىلىپ، ناھايىتى تېز توزۇيدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى توزۇش ھەرگىز توزۇش ئەمەس، چىن مەنىسىدىكى تراگېدىيە ياكى

مەڭگۈلۈك پارلاش.

زۇمرەتنىڭ ئاپتومات كۆتۈرۈپ، ئېرىنى نابۇت قىلغان دۈشمەنگە شىردەك ئېتىلىشى ئېسىمىزگە نۇزۇگۇمنى سالماسمۇ؟ نەپسەنىڭ پاكلىق ئۈچۈن قىلغان ئەڭ مۇقەددەس ھەرىكىتى ـ ئاپئاق كىيىم بىلەن پاكلىقنى ساقلاش ئۈچۈن كۆكسىگە ئۆز قولى بىلەن خەنجەرنى پاتۇرۇپ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ جان بېرىشىنى قېنى كىممۇ ئۇنتۇيالايدۇ؟ نەپسە ئۆلمىدى. ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشى پاكلىقنىڭ غەلىبىسى، سىمۋولى بولۇپ قالدى. گوركى «تىل ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى» دېگەن. دېمەك يازغۇچى شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئۇستازى ۋە ۋايىغا يەتكۈزگۈچىسىدۇر. جالالىدىن بەھرام بۇ نۇقتىنى بەكمۇ ئېنىق تونۇغان.

ئەدەبىياتىمىزدىكى نەزەرىيۋى كەمتۈكلۈك تۈپەيلىدىن تا ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم مەسىلىلەر شەرھلەنمىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىيات بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. بۇ ھەقتە ئېنىق بىر كۆزقاراش بولمىغاچقا، ھەر كىم ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىغان، مىللىتىمىز قايسى ئەخلاق سىستېمىسىغا تەۋە، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭغا قانداق رىئايە قىلىشىمىز كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

جالالىدىن بەھرام ئۆز ئەسىرىدە بۇ نۇقتىغا ئىنتايىن ياخشى ئەمەل قىلغان. تۆت قىسىم رومانىنى ئىنتايىن گۈزەل مۇھەببەت سىمفونىيىسى دېيىش مۇمكىن. مۇھەببەتنىڭ گۈزەل كۆلەڭگۈسى ئەسەرنىڭ ھەر بىر ۋارىقىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئەسەردە شەرق ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ ئىسلام ئەخلاق تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق ئادىتىگە يات تەسۋىرلەر يوق. پۈتۈن ئەسەردىن قويۇق مۇھەببەت ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كۆزلىرىگە ھەممە ئادەم بىلىدىغان، ئىككىلا ئادەمگە خاس بولغان مەخپىيەتلىكنىڭ سىرلىق نۇرى يوشۇرۇنغان. بۇ نۇر كىتابخانلارنى پاكىز بىر روھىي دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ.

مەنىۋى چۈشكۈنلۈكنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدا. مەنىۋى ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشى مەنىۋىيەتنىڭ مەلۇم زەنجىرىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئۇنداقتا ئۈزۈلگىنى قايسى زەنجىر؟

ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەلۇم ئەخلاق تىپلىرىغا مۇھتاج. بۇ خىل تىپلار بىر دەۋر كىشىلىرى قاراپ ماڭىدىغان ماياكلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئىدىئولوگىيە بىدىكلىرى (سىياسىيونلار) كۆپىنچە ھالدا پات ـ پات ئۆزىنىڭ تىپلىرىنى يارىتىپ، خەلقنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە ماس يولغا قارىتىپ پىلانلىق ھالدا يېتەكلەيدۇ. ئۇلاردىن ئۆگىنىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەخلاق تىپلىرى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدىكى ماياكتۇر. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تارىخىدا ئۆزىنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدىكى ئەخلاقىي تىپلاردىن ئىبارەت زاپچاسنى ھەر دائىم ياساپ، رېمونت قىلىپ يېڭىغا ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. بۇ تىپلار خەلقىگە نۇر چاچقان. خەلقنى ئۆز خاراكتېرىگە قاراپ يېتەكلىگەن، ياكى ئۇلارغا تەنبىھ بەرگەن. ئەدەبىيات ۋە تارىختىكى ئەدەبىي ۋە رېئال بولغان پەرھاد ـ شىرىن، لەيلى ـ مەجنۇن، ئوغۇزخان، نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان دەل شۇلارنىڭ مىساللىرىدۇر.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى چۈشكۈنلۈكى ئەڭ ئېغىرلاشقان ئەسىر. خەلقىمىز بۇ ئەسىردە ئەيسا، ماركس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلايھىسسالامنىڭ، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسنەۋى، جالالىدىن رۇمى، ناۋايىلار بىلەن ئەيسا، كانت، گېگىل، شوپېنخائۇر لارنىڭ ئوبرازلىرى، تەلىملىرى ئارىسىدا گاڭگىراش بىلەن ئۆتتى. سىياسىي بىدىكلەر يۇقىرىقىلارنى بايراق قىلىپ، بۇ بايراقنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ، «دۇنيادا خاتا ئىدىيە يوق، ئوخشىمىغان كۆزقاراش مەۋجۇت» دېگەندەك ئۆزىنىڭكىنى بازارغا سېلىپ، خەلقنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ كەلدى. خەلق نېمە ھەق دېگەن سوئالغا تېخى جاۋاب تاپالماي تۇرۇپ ئىككىنچى بىر ئىدىيە دولقۇنىغا دۇچ كەلدى.

دېمەك، خەلقىمىز ئىدىيە، ئەقىدىدىكى بىر تايانچ نۇقتىغا، شۇ تايانچ نۇقتىنىڭ يورۇقىدا يورىغان، نۇرلانغان بۈيۈك ئەخلاقىي تىپلارغا مۇھتاج بولدى. لېكىن 20 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقىمىزنىڭ بۇ ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ئۈزۈلگەن مەنىۋىيەت زەنجىرى دەل شۇ ئىدى. خەلقىمىزگە 20 ـ ئەسىرگە خاس بولغان پەرھاد- شىرىن، تاھىر ـ زۆھرە، ئوغۇزخان، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇملار لازىم ئىدى.

رېئاللىقىمىزغا نەزەر سېلىڭ. كەلگۈسىمىزنىڭ ئىگىسى بولغان ئەۋلادلىرىمىز سۈن ۋۇكوڭ، جۇ باجى، ساۋ ساۋ، ۋۇ سوڭ، سوڭ جياڭ، لېي فېڭ، لەي نىڭلار بىلەن، ئوكو، رامبو، ئىسكىلىت شاھلار بىلەن شۇنچىلىك تونۇش. لېكىن ئۇلار ئوغۇزخان، باتۇرخان، بىلگە تونيۇقۇق، تاھىر ـ زۆھرە، نەسىردىن ئەپەندى، نۇزۇگۇم، سادىر پالۋانلاردىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. گۈزەل قىزلىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىغا جۇرۇڭفا، ليۇ دېخۇا، چېڭ لۇڭ، ستەيلوڭ، شىۋاسىنگېر، جېكسونلارنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق. قىزلىرىمىز شۇ سۈرەتلەرگە قاراپ ئۇھ تارتىدۇ، مەيۈس باقىدۇ، بۇ نېمىنىڭ ئالامىتى؟

قارىغاندا جالالىدىن بەھرام بۇ نۇقتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ يەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ ھىكمەت، گۈلزىبا، مۇرات، زۇمرەت، نەپىسە، كامىللار بىلەن، بولۇپمۇ سۆيۈملۈك ئۈچ پەرىشتە، ئۈچ گۈل بىلەن بۇ غايەت زور بوشلۇقنى ئېتىشكە، مەنىۋى زەنجىرنى ئۇلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، چۈنكى قىزلار مىللەتنىڭ ئانىسى، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدى. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەخلاقىي ماياكنىڭ يوقىلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان پاجىئە ئاجايىپ ئېچىنىشلىق. گۈلزىبا، نەپىسە، زۇمرەتلەر ئەڭ ياخشى ماياك ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بىلەن ئەڭ ياخشى سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟ ھالاكەت ئەڭ ئاۋۋال نەدىن باشلىنىدۇ؟ ئۇنتۇمايلى، ئۇ دەل روھىمىزدىن باشلىنىدۇ. تاپالىغىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز، دېگەندەك يازغۇچىنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرە بۇ ھەقتىكى جۈرئىتى، مەنىۋى ئېگىزلىقاش، سىرلىق تۇمان ئىچىدە قالغان ھالىمىزنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى چىراغلىرى بىلەن يورۇتۇشقا ئۇرۇنۇش روھى ئاجايىپ قىممەتلىك.

گۈلزىبا، گۈلروز، نەبىلەر بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىدى. لېكىن ھاياتنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنى ئۈچ خىل ئادەم قىلدى. گۈلزىبا پەرىشتىگە ئايلانغان بولسا، گۈلروز ئىبلىسقا ئايلاندى. ئۇ شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز جىيەنى ـ گۈلزىبا بىلەن ھىكمەتنىڭ ئوغلىنى سېتىۋەتتى. ھەتتا قېيىن ئاكىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە ئاتلاندى. لېكىن ئاقىۋەتتە بىر تۇغقان ئىنىسى نەبى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. نەبى ئەل قىساسى مىنەلھەق دەپ ئۆز ئاچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھەرگىز چۈش ئەمەس، رېئاللىق.

يازغۇچى بۇ يەرگە يوشۇرغان مەنىۋى تىندۇرمىنىڭ كۈچى شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە ئۈزۈلمەس.

ياقۇپ زۇمرەتنىڭ ئۆز دادىسى، لېكىن بىچارە ئادەم خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىق، نادانلىق، ئاچكۆزلۈك تۈپەيلى ئۆز قىزىنى قۇشخانىغا تۇتۇپ بەردى. غايەت زور بىر پاجىئەگە ئۇرۇق سېلىندى.

مەتمۇسا بىر نادان قارا قورساق ئادەم ئىدى. لېكىن رېئال ھاياتتىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. مەتمۇسا نۇرغۇن ئىنچىكە جەريانلاردىن كېيىن بىردىن ئويغاندى. نەۋرە ئىنىسى خالىقنىڭ ھەققىي ئەپتە ـ بەشىرىسىنى، ئۆزىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى تونۇدى، نومۇس قىلدى، ئۆرتەندى. بۇ خىل ئۆرتىنىش ـ ئازابنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىنى پاكلايدىغان ئوتى مەتمۇسانى يېڭى ئادەم قىلىپ چىقتى. بۇ جەريانلاردا قىلچە سۈنئىيلىك يوق.

جالالىدىن بەھرامنى يەنە بىر پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىشنىڭ ئۇستىسى دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن خاسلىققا ئىگە، تەبىئىي. ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا بەزىدە غەزەپلەنسەك، بەزىدە كۈلىمىز. يازغۇچى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە ئارتۇق نەرسىلەرنى قوشمىغان. تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۇلارنىڭ بەدىئىي سۈرىتىنى ئىشلەش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن.

ئىشىنىمەن، جالالىدىن بەھرام بۇ رومانى بىلەن تېخىمۇ قەدىرلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ تولىمۇ ئېسىل بىر بەدىئىي كارتىنى خەلققە تەقدىم قىلدى.

# ئاچچىق - چۈچۈك شىڭگىللەر

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ناچار تەلىم - تەربىيە ۋاستىلىرىمىزدە يېتىشىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىش تېز ئىلگىرىلەۋاتقان مائارىپىمىزغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەرەپلىك نامىغا بىھۇدە كايىغانلىق بولمىسا كېرەك.

بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك پەزىلەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنى چۈشىنىشى ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۆزىنى چۈشىنىش — ئۆزىنىڭ ئېتىقادى، ئەقىدىسى، ئىشەنچىسىنى بىر گەۋدە قىلغان روھىي قىياپىتىنى چۈشىنىش؛ كىشىلىك جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، رولى ۋە تەسىرىنى چۈشىنىش؛ پائالىيەت جەريانىدىكى ئۆزىگە تەئەللۇق ۋەزىپە ھەم مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى چۈشىنىش؛ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچى ئارقىلىق تەرەققىياتقا يۈزلىنىش ئېھتىياجىنى چۈشىنىش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق بىلىش جەريانى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، روھىيەت ۋە تەپەككۇر ئالىمىمىزگە توغرا باھا بېرىش ۋە ۋۇجۇدىمىزدىكى ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئىللەتلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدۇر.




## كىمدىن رەنجىيمىز

= تۆلەندىن ئەزىم =

(بورتالا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ)

ئەگەر بىز ئۆتكەن ئون نەچچە ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىمىزغا چىنلىق بىلەن نەزەر تاشلىساق، ئېپتىخار كېمىسىدە ئولتۇرۇپ ئىشەنچ دولقۇنلىرىدا ئۈزگەن ۋاقتىمىزغا قارىغاندا، نومۇس تۇمانلىرى ئىچىدە ئېزىقىپ ھەسرەت ئوتىدا كۆيگەن ۋاقتىمىزنىڭ كۆپلۈكىنى، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىگە ئىقتىدا ئەيلەپ ھېكمەت مۇنبىرىدە كۈلگەن ۋاقتىمىزغا قارىغاندا، نادانلىقنىڭ ئۈزۈلمەس كارۋانلىرىغا چېتىلىپ، جاھالەت چۆلىدە ئەگىرىغان ۋاقتىمىزنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىمىز. بىراق بىز بۇنى قانچىلىك ئېتىراپ قىلدۇق؟

شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى چۈشىنىش، ئۆزىمىزگە باھا بېرىشتە ئەجدادلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى دەستەك قىلىۋالماي بەلكى بۈگۈنكىگە قارىشىمىز، شۇ ئاساستا ئەتىگە نەزەر سالغىنىمىز تۈزۈك.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى بىزدىكى ناچار ئىللەتلەر ئاشكارا تەنقىد قىلىندى. بىراق بىز بۇ پاكىتلارنى قانچىلىك ئېتىراپ قىلدۇق ياكى قوبۇل قىلدۇق؟ يۈرىكىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى دەڭسەپ كۆرسەك، كاللىمىزدىكى غىدىقلىنىش سېزىمىمىز يېتەرلىك بولمىدى، يەنى ئاددىي بىر كىتابخان سۈپىتىدە ئوقۇپ بولۇپلا ئۇنتۇپ كەتتۇق - خالاس.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپىمىزدا ئەۋلادلارنى يەنىلا شۇ ئۆزىمىزگە ئادەت كۈچى بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغان ناچار ئىللەتلەر بىلەن يۇقۇملاندۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا تۈزىمىز دەپ بۇزۇۋاتقان جايلىرىمىزنى ھېس قىلغان بولساق نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە؟!

ئىكساقنى يېڭى مائارىپىمىزنىڭ تۇنجى بىخى دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، يېڭى مائارىپ تارىخىمىزغا ئەمدى بىر ئەسىر بولدى. لېكىن ئۇ جاھالەت دەۋرلىرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخى ھېلىھەم ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئالدىنقى يېرىم ئەسىرلىك مائارىپ تەرەققىياتىمىز بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا داۋالغۇپ تۇردى. كېيىنكى يېرىم ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىمىز خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ھەر خىل ئىنقىلاب، يېزىق ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، شۇنداقلا ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان بېكىنمە ھالەت ئۆز نۆۋىتىدە مائارىپقا زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، ئەمدىلەتىن بارلىققا كەلگەن يېڭى مائارىپ قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئوقۇتۇش ئەسلىگە كېلىپ ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ساپاسى تۆۋەن، تەلىم - تەربىيە قارىشى قاتمال، ئىزدىنىش روھى كەم، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئىسلاھاتتەلەپكە ماسلىشالمىدى. نەتىجىدە، ئوخشاش ئورۇن، ئوخشاش شارائىتتىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مائارىپىغا سېلىشتۇرغاندا سۈپەت پەرقى خېلى تۆۋەن بولدى. بۇ رېئاللىق ھەر بىر ئۇيغۇر مائارىپچىسىنىڭ ئالدىغا سۈپەت پەرقىنىڭ بۇنداق چوڭ بولۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نېمە؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، بىزنى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بىز دائىم ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن ۋايسىغىنىمىزدا، يەنىلا شۇ ئادەت بولۇپ قالغان مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ ئازلىقى، بېقىش تاپمىغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەم ئەقىل، ئەخلاقسىزلىقى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىر، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالماي قالمايمىز، ھېچقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنيارىمىزدىن، ئىقتىدارىمىزدىن سەۋەب ئىزدەپ ئەتراپلىق ئويلىنىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. سەۋەبلەرنى ماددىي ئاساس، تۇرمۇش شارائىتىغا ئوخشاش تاشقى جەھەتتىن ئىزدەپ ئۆزىمىزنى زىددىيەتتىن قاچۇرۇش ئانچە ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك.

لىللا گەپ قىلىپ، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇيغۇر مائارىپىمىزدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بىز مائارىپچىلارنىڭ قاششاق روھىي قىياپىتىمىز ھەم ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە تەربىيىلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يەنە بىر تەرەپتىن، سۈپەت، ئەمەلىي نەتىجە بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، ئېتىبارلىشتا يېپىق، ئەمەلىيەتتە ئوچۇق ئىمتىھان شەكىللىرىمىزنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئەنە شۇنداق «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» لار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن مائارىپ قوشۇنىمىزنىڭ ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش جەريانىدا داغدۇغا پەيدا قىلىش ھېسابىغا كەلگەن شان - شەرەپلەر دەل بىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىمىز.

خەلقىمىز ئەزەلدىن بىلىم ئەھلىلىرى ھەم ئۇستازلارنى چوڭ بىلىپ ئۇلارغا ئەقىدە باغلاپ كەلگەن خەلق. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇتۇشقا ئېلىپ بارغىنىدا «ئۇستىخىنى مېنىڭ، گۆشى سىزنىڭ» دېگەن سۆزى بىلەن ئۇستازلارغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ھېلىمۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن ئۇستازلارغا بولغان ئىشەنچ، ھۆرمەت ئۆچۈپ كەتكىنى يوق. بۇنداق ھۆرمەت پەقەت ئىجتىھات بىلەن ئۆگىتىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز پەرزەنتىدەك كۆيۈنىدىغان ئىسمى - جىسمىغا خاس ئۇستازلارغىلا مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىلار كۆپ مەنبەلىك بىلىم ئىگىسى، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلار ئەنئەنىۋى ئاددىي تەلەپلەر بويىچە ئېيتقاندىمۇ تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى لازىم:

1) بىرقەدەر چوڭقۇر بىلىم، ئەتراپلىق قىزىقىش

ۋە ئىقتىدار بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ئۆتىۋاتقان پەننى ناھايىتى تولۇق چۈشىنىدىغان بولۇشى لازىم.

2) ئوقۇتۇش مېتودىغا ۋە تىل سەنئىتىگە باي بولۇشى لازىم.

3) بىرقەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە كەسىپ ئەخلاقى، پەزىلەت يېتىشتۈرگەن بولۇشى لازىم.

4) يېڭى بىلىم ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تولۇقلاپ، تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىشقا تەييار تۇرۇشى لازىم.

ئەمەلىيەتتە بىز يۇقىرىقىدەك تەلەپلەرنى قانچىلىك ھازىرلىيالىدۇق؟ تۆۋەندىكىلەرگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرايلى:

**1. بىلىم قۇرۇلمىمىز:** رايونىمىزدىكى تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن، شەرت ـ شارائىتى تولۇق دەپ ھېسابلىنىدىغان، باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا بىر گەۋدە قىلىنغان مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ ئىلمىي بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىلارنى سەپكە تۇرغۇزۇش، كەسپىنى سۆيۈپ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە، ھەر مەۋسۇمدا بىر قېتىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيەت جەريانىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسە قىلىش، يىلدا بىر قېتىم ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى ئوقۇتۇۋاتقان پەن دائىرىسىدىن ئىمتىھان ئېلىپ خۇلاسە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، سىناپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھان ۋاقتىدىن نەچچە ئاي ئىلگىرى خەۋەردار، سوئالنىڭ سالمىقى ئوتتۇرا سەۋىيە، 60 نومۇر لاياقەتلىك بولۇش ئۆلچىمى قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىمتىھانغا قاتناشقان 77 نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن 45 نەپىرى لاياقەتلىك بولۇش ئۆلچىمىگە توشۇپ، لاياقەتلىك نىسبىتى %58.4 بولغان. كەسىپتە لاياقەتلىك دەپ قارالغان 45 نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن ئوقۇتۇش مېتودىكا سەنئىتى جەھەتتىن مەلۇم شەرتلەرنى ئۆلچەم قىلىپ تەكشۈرگەندە، 19 نەپەر ئوقۇتقۇچى كەسىپ ھەم مېتودىكىدىن ئىبارەت قوش ئۆلچەم بويىچە لاياقەتلىك بولۇش ئۆلچىمىگە يەتكەن.

بۇ مەكتەپ نۇقتىلىق ئۇيغۇر مەكتىپى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرسلارنى پۈتتۈرگەن، كېيىنى بىرقانچە يىل، ئالدى ئوننەچچە يىل بىرلا كەسىپنى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان تۇرۇقلۇق ئەمەلىي سەۋىيە شۇنداق تۇرسا، بىرنەچچە پەننى بىرگە ئۆتىدىغان يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. بىز ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى ئەنە شۇنداق «ھىكمەت»لىرىمىزنى مۇنبەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ھەدىيە قىلماقتىمىز.

ئەھۋال نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئېيتالايمىزكى، ئىقتىسادىمىزغا سىڭىپ كەتكەن شۈكرى ـ قانائەتچانلىق تۇيغۇسى بىزنىڭ جۇشقۇن ئىزدىنىش روھىمىزنى خورىتىۋەتكەن. نەتىجىدە كەسپىي بىلىم ئاساسىمىز ئاجىز، مېتودىكا، تىل سەنئىتىگە گاداي بىر توپ باشقۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئەنە شۇنداق تۇرۇقلۇق سەۋەنلىكنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىمەي ئوقۇغۇچىلاردىن كۆرۈپ «ئۆگىنىش مەقسىتى ئېنىق ئەمەس»، «تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ»، «توغما دۆت» دېگەندەك كىيىملەرنى پىچىپ كىيگۈزۈپ، قازىنىمىزدا ئاشنىڭ تايىنى يوق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاچىسىنىڭ كىچىكلىكىدىن كايىدۇق. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىققىتىنى يىغمەن دەپمۇ يىغالمايدىغان، ئۆگىنىمەن دەپمۇ ياخشى ئۆگىنەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىمتىھانلاردا ئۆگەنگىنى بويىچە كۆچۈرمىچىلىك قىلىپ تەلەي سىنايدىغان تەۋەككۈلچىلەرگە ئايلاندى. شۇڭا ئۆرلەش ئىمتىھانلىرىدا ئالدىن تەييارلانغان كىچىك خاتىرىلەر، يىرتىپ ئېلىنغان كىتاب ۋاراقلىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كېچىلەردە ئىمتىھان نازارەتچىلىرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش، رېستورانلاردىكى رومكا سوقۇشتۇرۇشلار... مۇشۇنداق ئالاقە تورلىرىدىن نەپ تەگسە كۆلۈپ، نەپ تەگمىسە سالپىيىشلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىمىز بولۇپ قالدى.

يۈزەلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى تۆكۈپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىغىمۇ سوغۇق سۇ سېپىدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى قەلبىگە پۈككەن تەلەپچان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىماسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ھەر ۋاقىت چىراغدەك يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئۇستازىم مۇھەممەت ئابدۇللا مۇنداق دېدى: «ئوقۇتقۇچىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى ئىشەنچ تىكلىنىشى لازىم. بىرىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ يىغىندىسى ھەر ۋاقىت مېنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن ئىشەنچ؛ ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يىغىندىسى قانچە ئۈستۈن بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت يېتىلدۈرەلەيمەن دېگەن ئىشەنچ. بۇ ئىككى ئىشەنچ ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىرلا قېتىم مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن يېزىپ قويغان دەرس پىلانىنى كۆتۈرۈپلا دەرسخانىغا كىرىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم، ئىشخانىنى دەرسخانا، قەغەزنى دوسكا قىلىپ بىرقانچە قېتىم سۆزلەپ، ئەمدى ھازازۇلغىمۇ دەرس ئۆتەلەيمەن، دېگەن ئىشەنچكە كەلگىچە تەييارلىق قىلىش لازىم».

2. **تەربىيە مىزانلىرىمىز:** تەربىيە دېگەنلىك ـ بەلگىلىك نىشان بويىچە تەسىر كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. بەلگىلىك نىشان ـ بىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئەخلاق جەۋھەرلىرىنى بۈگۈنكى زامانىۋى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىلغارلىقلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەۋلادلارغا يېڭىچە ئەخلاق - پەزىلەت قارىشىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىشى لازىم. تەسىر كۆرسىتىش ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ، بالىلارنىڭ نەزەرىدە ئوقۇتقۇچى چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەسىرى يەنىلا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. شۇڭا بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىمىز، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى قانداق ئىشلىشىمىز ئەۋلادلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى جۇشقۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى پەزىلەتكە ئادەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇ يەنىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈلگىلىك رولى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئوقۇتقۇچى ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىغان بىر پارچە سۈرەت. بۇ سۈرەت قانداق بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە شۇ سۈرەت ئەكس ئېتىدۇ.

**بىزدىكى بەزى «چىرايلىق» سۈرەتلەرگە بىرنەچچە مىسال:**

بولۇشچە قىلىنغان گىرىم، غالىپلارچە كىيىدىغان بەدەن، سۇنئىيلىك چاچراپ تۇرغان سۆلەت، ياغاچتا ياسالغاندەك، بىر مېتىرنى تۆت قېتىم چامداپ مېڭىۋاتقان خانىملار، ئەتراپىدا چىرايىدىن ھەيرانلىق قەلبىدىن ھېيىقىش ئۇخچۇپ تۇرغان سەبىي كۆزلەر.

تۈگمىسى ئېچىۋېتىلگەن چاپان، قىيسىق كېيىلگەن شەپكە، مۈرىسىنى يوشۇرۇپ تۇرغان چاچ، يانچۇقتا مۈكۈنگەن قول، كالپۇكىغا سەجدە قىلىۋاتقان تاماكا، كۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قامچىسىنى ئېسىپ دەرسخانىنى نازارەت قىلىپ يۈرگەن ئەپەندىلەر، كۆزنەكلەردىن مارىلاپ رازۋېت قىلىۋاتقان، كېچىكىپ قالغىنى ئۈچۈن يوشۇرۇنىۋاتقان بالىلار.

تاتىرىپ كەتكەن يۈز، قىزارغان كۆز، ماياتىنكىدەك پۇلاڭشىپ تەگپۈگلۈقنى يوقاتقان بەدەن، چۆرگىلەۋاتقان قول، قاياقتىندۇر ئالدىغا دۈچ كەلگەن تونۇش چىرايغا ئېسىلىپ ئېيتىلىۋاتقان قەلب، يەنە كىمنىڭدۇر ئارقىدىن قىلىنىۋاتقان ھاقارەت، روبىرو كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يولنىڭ چېتىگە قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتقان بالىلار.

3. **بىزنىڭ ئىزدىنىش روھىمىز:** ئىنسانىيەت تەبىئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىزدىنىشتۇر. ئىزدىنىش ـ ئىنسانلار تەپەككۇرىنى بېيىتىپ ئەقلىنى نۇرلاندۇرىدۇ، پىكرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ئىجادىي قابىلىيەت ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ياكى مىللەت روناق تاپىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئاڭلىق ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئىزدىنىش روھى جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان ئىرادە، ئۆزئارا قوللاشتەك كەڭ قورساقلىقنى ئوزۇق قىلىدۇ.

مىللەتنىڭ تەقدىرى، پەرزەنتلەرنىڭ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەتىدىكىلەرنى بۈگۈنكىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىيەت قىلغان ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچىدا چوقۇم مۇئەييەن ئىزدىنىش روھى بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ مائارىپ كەسپىي خادىملىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىزدىنىش روھى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى كېرەككى، ئۇلار سەۋىيە، ئىقتىدار، تەدبىر جەھەتلەردە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىناۋەت تىكلىشى زۆرۈر بولغىنىدەك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئىناۋەت تىكلىشى شۇنداق زۆرۈر.

ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بىرقىسىم مەكتەپلىرىمىزدىكى رەھبەرلەر بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇلاردا سىستېمىلىق مائارىپ بىلىمى يوق، ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيىنىڭ شەكلى، ئۇسۇللىرىنى بېيىتالايدىغان تەدبىرى كەم، كەسپىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىلەرنى يېتەكلىيەلمەيدۇ. ئىلمىيلىكى بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا كۈلكىگە قالىدۇ.

## كۈلكىلەرگە بىرنەچچە مىسال:

▲ ئوقۇغۇچىلار ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولۇپ دەرسخانىلارنى ئارىلاپ يۈرگەن باشلىق ئوقۇغۇچىلار دوسكىغا يېزىپ قويغان بىر كۇپلېت شېئىرنى كۆرۈپ، ئوقۇغۇچىنىڭ تالانتىغا قايىل بولدى بولغاي، ئىلھام بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ: «بۇ شېئىرنى ياخشى يېزىپسىلەر» دەپ ماختاپ كېتىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەتكە تونۇش بولغان داڭلىق بىر شائىرىمىزنىڭ ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇۋاتقان بۇ شېئىرىنىڭ ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ باشلىقىغا تونۇش ئەمەسلىكىدىن ھەيران بولغان ئوقۇغۇچىلار مەنىلىك ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىدۇ.

▲ مەكتەپنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇشنى ئىگىلەپ يېتەكچىلىك قىلىشنى ئويلاپ، بىر سائەت دەرس ئاڭلاپ چىققان باشلىق: «نىشانلىق ئوقۇتۇشنى ناھايىتى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپسىلەر، نەتىجەڭلار زور» دەپ تىلغا ئالدى. نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ ماھىيىتىنى تېخى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلار «زور نەتىجە»دىن ھەيران بولۇپ، مەنىلىك كۆز بېقىشىپ يەرگە قارىدى.

▲ ئوقۇتقۇچىدىن تاياق يەپ يىغلاپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار خادىم باشلىققا بۇ ھەقتە ئىنكاس بېرىپ، «ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش كۆپىيىپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى بىلەن تەڭ باشلىقىدىن «ئوقۇغۇچىلار ئەسكى بولۇپ كەتتى» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى.

بۇ مىساللار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئانچە غەيرىي تۇيۇلمىسا كېرەك. ئويلاپ كۆرەيلى، يۇزەلىك، ئەدەبلەشلەرنى قوبۇل قىلىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغىنى ئەمدى نېمە بولماقچى؟...

بىزنىڭ نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ بېشىدا بىر كىتابنى قولغا ئالسا مەۋسۇم ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. زىيالىيلارغا بېرىلىدىغان كىتاب پۇلىنى ئۇيا، ئەڭلىك، ھاراق، تاماكىغا خەجلەيدۇكى، بىر پارچە كىتاب سېتىۋېلىشقا قورسىقى ئاغرىيدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيىگە ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنىڭ گېپى چىقسا رەھبەرلىكنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. قەشقەر پىداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابدۇكېرىم ئىمىن مائارىپ تەتقىقاتىغا دائىر ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئۇيغۇر مائارىپ سېپىدە كۆزگە چېلىققان پېشقەدەم پىداگوك. 1995 - يىلى ئۇنىڭ يەنە بىر «سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى قوللانمىسى» ناملىق كىتابى نەشردىن چىقتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولغان بۇ كىتابقا تىراژ توپلاش ئۈچۈن چۈشەندۈرۈشنى ئېلىپ شەھىرىمىزنىڭ ئىچى ۋە يېزىلاردىكى مىللىي مەكتەپلەرنى ئايلاندىم. شۇ جەرياندا شەھەر ۋە يېزىلاردىكى بىرقىسىم ئۇيغۇر مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى: «ئوقۇتقۇچىلار كىتاب ئوقۇمايدۇ، كۇتۇپخانىغا بىرنەچچىنى ئېلىپ قويايلى» دېيىشتى، تەئەججۈپ ئىچىدە تېڭىرقاپ قالدىم. كىتاب كەلگەندە مەلۇم ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە مەلۇم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىرى كىتابنى خوش

ياقمىغان قىياپەتتە ۋاراقلاپ قويۇپ، «پۇلىمىز يوق، بۇنداق كىتابنى ئالالمايمىز» دەپ قايتۇرۇپ بەردى، دەل شۇ مەزگىلدە بۇ ئىككى ئۇيغۇر مۇدىر بىرنەچچە ئـوقـۇتقـۇچـىـنى ئەگەشتۈرۈپ تەجرىبە ئۆگىنىش باھانىسى بىلەن مەكتىپىنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، «ئات ئايلىنىشقا، يول سارىخانىغا» قىلىشۋاتاتتى. يەنە مەلۇم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى (قازاق) كىتابنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ، 15 سىنىپلىق مەكتىپكە 30 دانـە، مـەلـۇم يېزا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى (خەنزۇ) مەكتىپىدىكى ئىككى ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ تۆت نەپەر ئـوقۇتقۇچىسى ئۈچۈن 5 دانە كىتاب سېتىۋالدى. بۇ روشەن سېلىشتۇرما شۇنى ھېس قىلدۇرۇدىكى، بـاشقىلار ئىلىمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ ئۆگىنىۋاتسا، بىزنىڭ مائارىپچىلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە بىرقانچە ئون يۈەن پۇل مەزكۇر كىتابقا پۇتۇلگەن تـەلىم - تـەربـىـيـە جـەۋھەرلىرىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇۋاتاتتى.

دەۋر بىزدىن زامانغا لايىق پاراسەت تىكلىشىمىزگە، «ئـوقـۇتقۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بـولـۇشى لازىم» دېگەنگە چۇشلۇق سالاھىيەتنى يېـتـىلدۇرۇشـمىزگە چاقىرماقتا. بىز جەمئىيەتنى ئـۆزىـمـىزنى ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايمىز. ھەقىقىي ھۆرمەت ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىش ھېسابىغا «قاسراق تاشلاپ» قايتىدىن پەيلىگە ماسلاشقاقلا تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن تىكلىنىدۇ.

ئـەۋلادمـۇ ئەۋلاد زىممىمىزدە يۈدۈپ يۈرگەن، ئۆزىمىز سېزەلمەيدىغان نۇرغۇن ناچار ئىللەتلىرىمىز كـۆزىـمـىزنـى تـوسـاپ، ئـەقلـىمىزنى بۇلغاپ، تـەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ قويدى. بىز بۇنى ھېس قىلمىغان بىلەن يېڭى دەۋردە ھەممىنى تەڭ كۆرۈپ يېـتـىـشۋاتقان پەرزەنتلىرىمىز بۇ كېسەلدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. بىزدىن بىزار بولسىلا مەيلى ئىدى، بىـراق بىـزنىڭ يۈزەلىك، ئەدەبلەشلىرىمىز بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن دەرسلىرىمىزدىنمۇ بىزارلىق ھېس قىلدۇرماقتىمىز.

بىـز بـۈگۈنكى ئۇيغۇر مائارىپىمىز، ئۆزىمىز ۋە روھـىـيـتىمىز ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالامدۇق ياكى «راست گەپلەر جۇمۇ مۇشۇلار» دەپلا قويۇپ ئۇنتۇپ كېتىشەمدۇق؟ ۋە ياكى ئۆزىمىز يـاكـى مـائارىپىمىزنى قايتا جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھـەرىـكـەتلىنەمدۇق؟ مەن بۇنى پۈتكۈل مائارىپ ساھەمىزدىكى، جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزدىكى ھـەربىـر غـۇرۇرى سـاپ شەخسنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دەپ قارايمەن. قەدىمكىلەر «ھەرىكەتتىن بەرىكەت ياغار» دەپتىكەن. دېمەك بىز بـۇ ھـەرىكەتنى ئەڭ دىسلەپ ئۆزىمىزدىن باشلاپ باقساق ئارتۇق كەتمەس!

## كېلەركى ساندا -

ژۇرنـلـىمىزنىڭ كېلەركى ساندا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تـەقدىـم قـىلـىـدىغىنىمىز: تەكلىپلىك ئاپتورلىرىمىزدىن يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «روزى سايىت ۋە خوتەن دېھقانلىرى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتى، ياش شائىر، تىل تەتقىقاتچىسى غەيرەت ئابدۇرەھماننىڭ «‹پۇل›دىن ‹مەھمۇد قەشقەرى›گىچە» ناملىق سۆھبەت خاتىرىسى بىلەن «ياش زىـيالى خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى، يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ «سىناق» ناملىق ھېكايىسى، ئەسقەر داۋۇتنىڭ «ھو + قوق = ھوقۇق» ناملىق ماقالىسى، ئەنۋەرجان سـادىقنىڭ «ئەسىر سىرتىدىكى ئادەم» ناملىق ئوبزورى، رەھىـم يـۇسـۇپنىڭ «دۆلەت ئاتلىغان خالقئارالىق توي مەرىكىسىدە سۆزلىگەن توي نۇتقى»، ئەمەتجان يۇسۇپنىڭ «رېستۇران»، ھاياتنىيۇس مۇھەممەتنىڭ «كەچتىكى قىزلار يـاتىقى» ناملىق شېئىرى، ئەسقەر يۇسۇپنىڭ «ئالەمنىڭ سېھرى ۋە ئەدىبلەر قەلبى» ناملىق چاتما ماقالىسى ھەمدە قـازاقىستان شائىرى ئابدۇمىجىت دۆلەتوۋنىڭ «سونىتلار گـۈلچـەمبـىرى»، ئـۈنىڭدىن باشقا «كىتاب باھاسىنىڭ مـەخپـىـيـتـىـنـى كـىـم ئـاشكارىلايدۇ؟»، «خىيانەتچى ئـەمـەلدارلارنـىڭ بـاھـاسـى»، «خـانىم - قىزلارنىڭ كىيىنىشىدىكى يەتتە ئۆلچەم»، «كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشتا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟»، «ماۋ زېدۇڭ قالدۇرۇپ كەتكەن سىر»، «ستالىننىڭ قىزى بـىلـەن مـۇھـەببـەت بـاغلىغان يازغۇچى - چابلېر»، «يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدىكى 10 قائىدە» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالە - ئەسەرلەر بولىدۇ.

## مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر - قازاق - قىرغىز تىل - مەدەنىيەت فاكۇلتېتى ئالاھىدە ھەمكارلاشقان سەھىپە

### «تۇلكىمۇ، بۆرىمۇ؟» روجىكى

ئـايـاللارنىڭ كۆزى يورىغاندا «تۇلكىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟» دەپ سوراپ، دۇنياغا كەلگەن بوۋاقنىڭ قىز ياكى ئوغۇللىقىنى بىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىـڭ يىـلدىـن ئـاۋۋالقى چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ھېلى ھەم تىل ئادىتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

بىر ئايالنىڭ بۆرە تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس، تۈلكە تۇغۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كۆزى يورىغان ئاياللاردىن بالىڭىز تۈلكىمۇ، بۆرىمۇ دەپ سوراش تىلغا بىر خىل ئۈستىتىك پاساھەت بېرىپ تۇرىدۇ.

تـۈرلـۈك تـەتقىـقـات نـەتـىجىلىرى ۋە يازما يـادىـكـارلىقلاردىن قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى ئـەجدادلـىرىـنـىڭ، تـەڭرىنىڭ ئورنىدا ئۇلۇغلاپ كـەلگەنلىكى مىللىي ئادىتىمىزدىكى بۆرە ئوشۇقىنى ئېسىش، بۆرىدەك ئادەم بول دېيىش، بۆرە تېزىكىدە ئىسرىق سېلىش، چارۋىلارنى بۆرە ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، ئۆلتۈرۈپ قالغان قىزلارنى بۆرە ئوشۇقىغا نىكاھ قىلىش... قاتارلىقلار ھەممىمىزگە ئايان. بۆرىگە چوقۇنۇش دۇنيادىكى يەنە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىش بولسىمۇ، بۇ ھادىسە شۇ مـىللەت كىشىلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، تۇرمۇش ئۆرپ- ئادەتلىرىدە، خاراكتېر پىسخىكىسىدا ئۇيغۇر خـەلقـىـنـىڭدەك بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمىگەن. بىزدىكى بـۆرىـگـە چـوقۇنۇش تار مەنىدىكى تۇتېمىستىك ھـادىـسـىـدىـن كېـڭـىـيىپ كەڭ مەنىدىكى تۇتېم مەدەنىيىتىنى- تۇتېم تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرگەن. تـارىـخىمىزدىكى تىل، تەپەككۇر، ئەخلاق، ئېتىقاد، مەدەنىيەت، خاراكتېر ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەت قاراشلىرىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇتېم تەپەككۇرى

### تىل - ئاتالغۇلار تەتقىقاتى



## ئۇيغۇر تىلى روجەكلىرىدىن مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بىر نەزەر

= كۈرەشچان ئۆمەر =

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

بىزدىكى ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ھـەمـمـىـسىگە تەكشى ھالەتتە سىڭىپ كىرگەن. بىز مـەدەنـىـيـەت تـارىـخـىـمـىزدىـكـى، كـىـشـىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدىن روشەن ھالدىكى تۇتېم تەپەككۇر ئىزنالىرىنى بايقىيالايمىز. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بۆرىگە چوقۇنۇش مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تەپەككۇرىنى تۇتېم تەپەككۇرى (ئەپسانىۋى تەپەككۇر) دەپ شەرھىلەشكە تامامەن بولىدۇ.

سـەۋەب: ئـۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. لېكىن ھەر بىر دىندىكى مەبۇدلەر (ئىلاھ) ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بۆرىلەشكەن ياكى تۇتېم تۈسىنى ئالغان. تۇتېم چۈشەنچىسى ھەرگىزمۇ يىراق ئـۆتكـەن زامـانـىـڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، بـۈگـۈنكـى دەۋرىـمۇ يوشۇرۇن ئاڭ چۆكمىسىدە كۈچلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى كونترول قىلىپ تـۇرغـان مۇستەھكەم قورغان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىـلغـاندا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش يولىنى تاپقىلى بولىدۇ.



**خوتەن ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئالاھىدە ھەمكارلاشقان سەھىپە**

ھازىرقى زامان كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئالدى بىلەن كارخانىلار ئومۇمىي قىياپىتىنىڭ رىقابىتى. ئەمما كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلە ـ كارخانىلارنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى ستراتېگىيىسىنى ۋە داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ئىجاد قىلىشنى يولغا قويۇش مەسىلىسىدۇر. بازار رىقابىتى سۈپەت رىقابىتىدۇر، سۈپەت رىقابىتى ئادەتتە «تاۋار ماركىسى» رىقابىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىستېمالچىلار مول مەھسۇلات دېڭىزىدا ماركىغا تايىنىپ مەھسۇلات تاللايدۇ. داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىستېمالچىلارنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**داڭلىق تاۋار ماركىسى رىقابىتى ـ ھازىرقى زامان كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى**

# ھازىرقى زامان كارخانىلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىشىنىڭ يولى

ـ داڭلىق تاۋار ماركىسى ستراتېگىيىسى

= يۈي بو =

**قاتلاملىق سىڭىشىش**

داڭلىق ماركا، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، «كۆزگە كۆرۈنگەن تاۋار ماركىسى» ياكى «داڭلىق مەھسۇلات ماركىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سۈپىتى ئەلا، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق، داڭدارلىقى، كۆركەملىكى ۋە بازار ئىگىلەش نىسبىتى يۇقىرى بولغان مەھسۇلات ياكى تاۋار بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. كارخانىلار ئۆزىنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ياراتقاندىن كېيىن، داڭلىق ماركا كارخانىنىڭ ھايات-ماماتى، تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق كارخانىنى بىر ئورتاق نۇقتىغا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بار كۈچى بىلەن داڭلىق ماركا يارىتىشتىن ئىبارەت.

1. داڭلىق ماركا ئىستېمالچىلارغا قوشۇمچە قىممەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، ئىستېمالچىلار «ئەڭ ئاز پۇشايمان قىلىش پرىنسىپى»غا ئاساسەن سودا قىلىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ ئەڭ كىچىك دەرىجىدىكى پۇشايمانغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئەڭ چوڭ دەرىجىدىكى قانائەتلىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئادەتتە ئىستېمالچىلار كۆپ خىل تاللاش پۇرسىتى ئالدىدا، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ ناچار ھالەتنى بەكرەك مۆلچەرلەيدۇ ھەمدە ئەڭ ناچار بولغان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى ئەڭ كىچىك ھالەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىر خىل ئۆزىنى ئۆزى قوغداش تەبىئىتى. داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتنىڭ «ئىشەنچلىك» بولۇش ئۈنۈمى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قوغداش تۇيغۇسىنى

**كارخانا مەدەنىيىتى تەتقىقاتى**

ياخشىراق قانائەتلەندۈردى ھەم «پۇشايمان ئەڭ ئاز بولۇش»نى ئەمەلگە ئاشۇردى.

2. داڭلىق تاۋار ماركىسى كارخانا تىجارىتى ئۈچۈن گۈزەل «نۇر ھالقىسى» ھاسىل قىلىدۇ. كارخانىنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى يارانقانلىقى كارخانىغا گۈزەل «نۇر ھالقىسى» ئاسقانلىقى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەزكۇر كارخانىغا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاق مەزگىللىك كۆزقارىشى ۋە باھاسىغا ئاكتىپ ھەم ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. داڭلىق تاۋار ماركىسى جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولسا، ھەر خىل پۇرسەتلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىدۇ. مەيلى مەبلەغ ياكى ئىختىساسلىق خادىملار بولسۇن، ھۆكۈمەت ياكى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ نەزەرى داڭلىق كارخانا ياكى داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارغا ئاغىدۇ.

4. داڭلىق تاۋار ماركىسى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قوزغىتىش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇلارغا ئۆز نەتىجىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ. داڭلىق ماركىنىڭ بۇ خىل قوزغاش ئۈنۈمى رىقابەتچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلايدىغان ئۈنۈملۈك قورال ھېسابلىنىدۇ.

5. داڭلىق تاۋار ماركىسى مەدەنىيەتنىڭ رەڭدارلىقى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىگە بولغان تەسىرىنى تېخمۇ كۆپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ ماددىنى مەدەنىيلەشتۈرۈپلا قالماي، مەنىۋىيەتنىمۇ ماددىلاشتۇرىدۇ. داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ «ماددىلاشقان مەنىۋىيەت - ماددا» بويىچە ئۆزگىرىش جەريانى ئىستېمالچىلارنى خۇددى كۆرۈنمەس كۈچتەك ئۆزىگە چاقىرىپ، كۈچلۈك «مەھلىيا قىلىش» رولىنى ئوينايدۇ.

## كارخانىلارنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى يارىتىشتىكى ئومۇمىي پىكرى

داڭلىق تاۋار ماركىسى ستراتېگىيىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ھەم جاپالىق بولغان بىر تۈرلۈك كارخانا سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، داڭدارلىقى، كۆركەملىكى، بازارنى قاپلىشى ۋە ماس بولغان مەدەنىيەت تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە بۇلارنى شەكىللەندۈرگەن پەن-تېخنىكا، باشقۇرۇش، تىجارەت ۋە خادىملارنىڭ ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۇقىرى قاتلاملىق پىلانلاش ۋە ئايلاندۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى يارىتىشتىكى ئومۇمىي پىكرى يەنىلا يۇقىرى قاتلاملىق سىستېمىلىق ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇشى كېرەك.

### 1. ئىچكى ماھارەتنى پىششىقلاش - داڭلىق ماركا يارىتىش

داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات كىشىلەر ماختاپ قويسىلا بارلىققا كەلگەن بولمايدۇ. ھەقىقىي داڭدار بولغان داڭلىق تاۋار ماركىسى نەچچە يىل، نەچچە ئون يىل ھەتتا نەچچە ئەۋلاد جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىقلا ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشالايدۇ. داڭلىق تاۋار ماركىسىنى قولغا كەلتۈرگەن كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىچكى ماھارەتنى پىششىقلاش 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كىم ئىچكى ماھارەتنى ئوبدان ئىگىلىسە، شۇ داڭلىق ماركا يارىتىدۇ. ئىچكى ماھارەت دېگىنىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىياپىتىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىياپىتى ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كارخانا ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كارخانا ۋە داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ ئوبرازىنى سىڭدۈرۈپ، ئورتاق بولغان مۇئەييەن كەسپىي ئەخلاق قارىشى، بازار قارىشى، قىممەت قارىشى، رىقابەت قارىشى، ئوبراز قارىشى، داڭلىق تاۋار ماركىسى قارىشى، مۇلازىمەت قارىشى قاتارلىقلارنى شەكىللەندۈرۈش ھەمدە مۇئەييەن كارخانا قارىشى ۋە كارخانا مەدەنىيىتىنى تىكلەش كېرەك. بۇ بىر قاتار ئىچكى ساپا پۈتكۈل كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ياخشى بولغان كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي سەۋىيە، روھىي ھالەت ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئاڭلىقلىق بىلەن ئىپادىلەپ، كارخانا ئوبرازىنى يۇقىرى پەللىگە

كۆتۈرىدۇ. ئىككىنچىسى، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. داڭلىق ماركىنىڭ ئاساسى ـ سۈپەت، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۆزلەش ئىچكى ماھارەتنى پىششىقلاپ، داڭلىق ماركا يارىتىشنىڭ تۈپ ئاساسى. ئۈچىنچىسى، تەرەققىيات لايىھىسى ئىلغار بولۇش. بىر قىسىم داڭلىق كارخانىلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە ئىلغار مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەش ئارقىلىق مەھسۇلات قىممىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ياخشى كارخانا ئوبرازىنى تىكلەپ، داڭلىق تاۋار ماركىسى يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتىنى ياراتتى. ئىسپانىيە سانائەت لايىھە تەرەققىيات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خورد مىنتانىيا ئىتالىيە بىلەن ئىسپانىيىنىڭ ساپال خىشى سانائىتىنىڭ بازار ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپانىيە ساپال خىشىنىڭ ئىتالىيىنىڭكىدىن سۈپىتى يۇقىرى، باھاسى ئەرزان ئىكەنلىكىنى، بىراق ئىتالىيە مەھسۇلاتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا سېتىلىش ئەھۋالىنىڭ ئىسپانىيىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە كۆپلۈكىنى، بۇنىڭ سەۋەبى ئىتالىيە ساپال خىشى سانائىتىنىڭ تەرەققىيات لايىھىسىگە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقى، ئۇندىن باشقا خام ئەشياسى ياخشى، قاچىلاش ـ بېزىشى كۆركەم، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق بولۇشتەك ئىچكى ماھارەتنى ياخشى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقىغان.

**2. نامنى ھەممىگە تونۇتۇش ـ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى تەشۋىق قىلىش**

ئۇنۇملۇك ھالدا داڭلىق تاۋار ماركىسىنى تەشۋىق قىلىش، شۆھرىتىنى ئەلگە تونۇتۇش ـ داڭلىق ماركا ستراتېگىيىسىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ھالقا.

(1) ياخشى ئىسىم قويۇش. ئىسمىنىڭ ئاھاڭى، شەكلى ۋە مەنىسىنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈپ، ئاسان بىلىدىغان، ئاسان ئوقۇلىدىغان، كۆركەم، يېقىملىق، ئاسان ئەستە قالىدىغان ئۇنۇمگە يېتىش كېرەك. ئىسىم قويغاندا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئامىللىرىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ئاساسلىق ئىقتىسادىي قىممىتىنى نامايەن قىلىش كېرەك. تاۋار ئىسمى بىلەن كارخانا روھى قاتارلىقلار بىر گەۋدە بولۇشى، ئۆزگىچە بولغان كارخانا ئىستىلىنى يارىتىپ، گۈزەل كارخانا ئوبرازىنى نامايەن قىلىش كېرەك. «بىرلا ئىسىم بولۇش» نىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن، كارخانا ئىسمى، تاۋار ئىسمى، تاۋار ماركىسى ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلغاندا، تاۋار ماركىسى ئوبرازىنىڭ تىكلىنىشىگە ياردىمى تېگىپ، ئەڭ تۆۋەن بولغان ئېلان مەبلىغى بىلەن ئەڭ ياخشى تارقىلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (2) ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش. ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئىسلىدىنلا «نام» پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تاۋار ئوبرازىنى تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەت ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (3) تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**3. ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە ـ داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش**

داڭلىق ماركا يارىتىش تەس، داڭلىق ماركىنىڭ ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىش، قىممىتىنى باشقۇرۇش تېخىمۇ تەس. ئەمەلىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ئىسپاتلىدىكى، داڭلىق ماركىنىڭ قىممىتىنى باشقۇرۇش، داڭلىق ماركىنىڭ ئوبرازىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئەڭ ئاساسلىق پىكىر ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە. ئۇنىڭ تۆت خىل مەنىسى بار. بىرىنچىسى، داڭلىق تاۋار ماركىسىنىڭ ناچار بولغان ھالقىلىرىغا نىسبەتەن قوغدىنىشنى كۈچەيتىپ، داڭلىق ماركىنىڭ ئوبرازىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنى ساقلاش، تاۋار ماركىسىنىڭ شۆھرىتىنى قەدىرلەپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشى تونۇش لازىم. ياخشى ۋەزىيەتتە قارىغۇلارچە كېڭەيتمەسلىك، تارماق زاۋۇت قۇرغاندا ۋە بىرلەشمە تىجارەت قىلغاندا، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ، نامنى يوقاتماسلىق كېرەك. نۇرغۇنلىغان داڭلىق تاۋار ماركىلىرى بىرلەشمە تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ۋەيران بولغان. ئىككىنچىسى، پايدا ئالغاندا زىياننى ئويلاش، غەلىبە قىلغاندا مەغلۇبىيەتنى ئويلاش كېرەك. بازاردا

مەڭگۈلۈك داڭلىق ماركا بولمايدۇ. داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات مەغلۇب بولمايدىغان ئورۇنغا ئىگىلىنىشى، كىرىزىس ئېڭى كۈچەيتىلىپ، پۈتكۈل ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالغا بېسىش كۈچى قىلىنىشى كېرەك. ئۈچىنچىسى، قانۇني ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز مەھسۇلاتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىش، زاۋۇت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. تىجارەت قىلغاندا بازار تەمىنلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسەن، ساختا تاۋارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىستېمالچىلارنى پاش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. فرانسىيەدىكى بەزى داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ تىجارىتىنىڭ ئىزچىل ياخشى بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ يالغان، ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە. ئېيتايلۇق، «كادىيە» گۇرۇھى ھەر يىلى تۆت مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ، يالغان، ساختا تاۋارلارنى تازىلاشقا ئىشلىتىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش. «ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئەڭ ياخشى مۇداپىئەدۇر». فىلىپ كاتىرى ئۆزىنىڭ «تىجارەت باشقۇرۇش» دېگەن ئەسىرىدە رەقىبىنىڭ ھۇجۇم قىلماسلىقىغا تايىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىدىكى تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچكە تايىنىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. داڭلىق ماركا ياراتقاندىن كېيىن رىقابەت ئىدىيىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويماسلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش ۋە داڭلىق ماركىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۈزلۈكسىز ھالدا داڭلىق ماركىغا يېڭى مەنە قوشۇپ، يېڭى دەۋر ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىش، يېڭى دەۋر كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. ئىشلەتكەن يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى ھۈنەر - سەنئەتكە دىققەت قىلىش، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، داڭلىق ماركىنىڭ ئوبرازىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن - تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يېڭىلىق ياراتمىسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتمىسە، مۇقەررەر ھالدا سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ. تۈنۈگۈنكى داڭلىق تاۋار ماركىسى بۈگۈن «سېرىق» ماركىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش داڭلىق ماركىنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇداپىئەلىنىشىنىڭ يادروسى ھەم بازارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بازارغا بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، داڭلىق تاۋار ماركىسىنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلاپ قالىدىغان ئوبدان پرىنسىپ.

**«ئاممىۋى مۇناسىۋەت دۇنياسى»** ژۇرنىلىدىن

**ئادالەت ئىمىنجان** تەرجىمىسى

**(تەرجىمە ئاپتورى: شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنىستىتۇتى ئاممىۋى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)**

> **نەسىھەت**
>
> **ياشلار ئۈچۈن ئەزى-**
> **مەت بار، قېرىلار ئۈچۈن-**
> **دە ھاماقەت بار، چۈن-**
> **كى ئادەمنى ئادەم قى-**
> **لىپ چىقىش ۋاقىتتا**
> **ئەمەس، بەلكى تەر-**
> **بىيە. - دانىيە**
>
> ھۆسنخەتنى تۇرسۇن قۇربان يازغان.

# ھاراق ئىلاھى ـ خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى

**ماڭا ئەگىشىپ ئاسماندا 5000 كىلومېتىر ئۇچقاندىن كېيىن گۇاڭجۇغا كەلگەن.**

شىنجاڭدا، تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدە ۋە «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ھەرقانداق بىر يەردە، كىشىلەر ئۈنى ھەرگىز ئەتىۋارلىق نەرسە قاتارىدا ھېسابلىمايدۇ. ئۇ يەردىكى كىچىك بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەردىكى كىشىلەر ئىككى يۈەنگە بىر بوتۇلكا سېتىۋالغىلى بولىدىغان ناچار سۈپەتلىك كۈچلۈك ھاراقتىن ئەڭ زور قانائەتكە ئېرىشىدۇ. ئۇلارغا كېرىكى ـ كۈچلۈك ھاراقنىڭ قان تومۇرلارنى كۆيدۈرگەن چاغدىكى ھوزۇرى. ئۇلار ئاتالمىش رومانتىكىغا ۋە ھېسسىياتنى تەڭشەشكە قىزىقمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئۈزۈم، ئەڭ ياخشى ئەتىرگۈل، ئەڭ ياخشى قۇياش نۇرى ۋە ئەڭ ياخشى سۇ ـ خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېسىل خام ئەشياسى. خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى مانا مۇشۇلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان. خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى «ئالما» ماركىلىق پادىچى ئىشتىنىدەك جۇجياڭ ئۈچ بۇرجەك دېلتىسىدا تارماق زاۋۇت تەسىس قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ خىل ئالاھىدە تەمى، پەقەت فرانسىيەدىكى بوردقا ئوخشاش يىراق يەردە يەنى چېگرا رايون خوتەندىلا ياسىلىپ چىقالايدۇ.

ئەگەر بىر قىز كۈندە ئاز ـ ئازدىن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى ئىچىپ بەرسە، خۇددى بەزى ئەرلەرنىڭ بۇقا سۇ ئىچكىنىدەك ئىچمەي، مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسە، ئۇ چوقۇم كۈندىن ـ كۈنگە، ئاستا ـ ئاستا گۈزەللىشىپ، ئادەمنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ھېچقانداق بىر كەسىپ ئەھلى خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقىنى قانداق ئىچىش توغرىلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ بەرگىنى يوق، بىراق سىز ئۇنى ئىچكەن ۋاقىتتا، كورۇشكىغا دىملەنگەن چاينى بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندەك ئىچمەي، بەلكى، بىر خىل تەشەككۈر بىلدۈرۈش كەيپىياتىدا تۇرۇپ ئالدىرىماي، ئاستا ئىچسىڭىز، ئاندىن بۇ قىزىل رەڭلىك ھاراق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەڭ ياخشى ئۈزۈم، ئەڭ ياخشى ئەتىرگۈل، ئەڭ ياخشى قۇياش نۇرى ھەمدە ئەڭ ياخشى سۇنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىيالايسىز.

خەنزۇچە «جەنۇب ھەپتىلىكى» گېزىتىنىڭ 1998 ـ يىللىق 18ـ سېنتەبىر سانىدىن **قاھار پولات** (ت)

(تەرجىمان بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



ئىككى، ئۈچ يىل ئىلگىرى، گۇاڭجۇلۇقلار چوڭچوڭ مەل فىرانسىيە ئۈزۈم ھارىقىغا چىلىشىپ، مەستخۇش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، مەن شىنجاڭدىن بىرنەچچە بوتۇلكا خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. بۇ ھاراق خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن غەيرىي يۇرت گۈزىلىدەك، بىرنەچچە دوستۇمنى ئالاق ـ جالاق قىلىۋەتتى. ئۇلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي: «بۇ بىز ھازىرغىچە ئىچىپ باققان ئەڭ ياخشى ئۈزۈم ھارىقى» دەپ ماختاپ كەتتى. ھەتتا ھاراققا چىلاپ قويسىمۇ ھېچنەرسە بولمايدىغان بىر باي دوستۇم ھاراقلارنىڭ نوچىسى بولغان بۇ ھاراقنى تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال قول ئاستىدىكىلەرگە تاپىلاپ، خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى تاپتۇرۇپ كەلدى. ھەتتا، مۇمكىن بولسا مۇشۇ ھاراق زاۋۇتىنى سېتىۋالايلى، دەپ ئىپادىمۇ بىلدۈردى.

ئۇ بۇ خىل ئېسىل ھاراقنى ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي خۇددى فرانسىيەنىڭ بورد دېگەن يېرىگە ئوخشاش ئىنتايىن يىراق خوتەندە، ھەتتا ئۈرۈمچىلىكلەرمۇ نىھايىتى تەستە بېرىپ كېلىدىغان جايدا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئىچكەن خوتەن ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى خوتەندىن بەش ـ ئالتە كۈنلۈك ئۇزۇن يوللۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە توشۇپ كېلىنگەن، ئۇندىن كېيىن يەنە

## ئاڭلىغانمۇ سىز؟



## ئۆيلەنمىگەن، ئۆي ئالمىغان، ئۆلمىگەن!

ـ ئەسقەر داۋۇتنىڭ «ئۆيلىنەيمۇ، ئۆي ئالايمۇ، ئۆلۈۋالايمۇ؟»① ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن...

= روزى سايىت =

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى)

### سۆز بېشى

ماقالەڭنى ئوقۇدۇم ئەسقەر،
جاۋابەن شېئىر توقۇدۇم ئەسقەر.
بايانىڭدىن كۆزۈم ياشلىنىپ،
گويا جىسمىم ئوتقا تاشلىنىپ،
ئۆرتەندى جان ـ يوقۇدۇم ئەسقەر.

ئىپتىقانلىرىڭ ئەمەس رىۋايەت،
قەدەمدە مىڭ بۇنداق ھېكايەت.
ھېكايەتكى ياشاشنىڭ غېمى،
شىكايەتكى تۇرمۇشنىڭ كېمى،
مەن لەۋزىڭنى قىلدىم ھىمايەت.

ئۆيلىنىشكە بارماپتۇ رايىڭ،
ئۆي ئېلىشقا يوقكەن سەرمايىڭ،
ئۆلەي دېسەڭ تاپالماي چارە،
قىينىلىپسەن بولۇپ بىچارە،
قوچۇپتۇ يەر ـ كۆكنى «ۋاي ـ ۋاي»ىڭ.

ئىچ ئاغرىتىپ ساڭا «ئاھ» دېدىم،
(دېگەنكە مەن قانچىلىك ئىدىم؟)
سەندىن ئۆتە دەردمەن بوۋايمەن،
ئېكەك سېلىپ جاننى ئۇۋايمەن،
شۇڭا پەقەت غېمىڭنى يېدىم.

كۆلسە، غېمى ئازلاپ قالسا دەپ،
كۆڭلى سەگىپ ـ سازلاپ قالسا دەپ،
ئۈچ سوئالغا ئۈچ چاقچاق يازدىم،
بۆك يوق دېسەڭ، كەش تەگلەپ ئازدىم،
بىلىپ ئازدىم كۈلۈۋالسا دەپ...

### ئۆيلەنمىگىن!

مەندىن ساڭا مەسلىھەت ئەي يار،
ئۆيلەنمىگىن، راست گەپنى دەي يار.
قىزلار قالسۇن بىر ئۆمۈر بويتاق،
بولغاندىكىن ئالدامچى، ھايتاق② ،
نازى يالغان، كەمەكتەك ھەييار.

ساختىلىق كۆپ، ۋاپا كەم ھازىر،
مۇھەببەت سۇس ـ ساپا كەم ھازىر،
ئويماق ئېغىز «پاس كەمپىت» چاينار،
سەن «يار» دېسەڭ، ئۇ خەقنى ئويلار،
لەۋ تەگلىسەڭ سانجىيدۇ گازىر.

مەنسىپىڭگە كۆيىدۇ بىرى،
پۇل ـ مېلىڭنى سۆيىدۇ بىرى،

قېنى، نېمە دەيسىز؟

① مەزكۇر ماقالە «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يانفون③ ، پىكاپ، ئاسما تېلېۋىزور،
بولسا يەنە تۇرالغۇڭ پوزۇر،
ھەيدىسەڭمۇ كەتمەيدۇ نېرى.

مىسال سىنى بىر بوۋاي دەيلى،
پۇلداركەنسەن باغرىڭدا لەيلى،
ئىجاد، كەشىپ، مۇھەببەت دېگەن،
ئۇلار ئۇچۇن ئېشى يوق لېگەن،
بۇ «لېگەن» دىن سوۋۇيدۇ مەيلى.

ئىشەنمىسەڭ كېپىمگە ئەگەر،
سىنا - «ھۆر»نىڭ قېشىغا يۈگەر.
«تاپقىنىم شۇ - كۆپ ئەمەس ئىگىن④
ئاددىي - ساددى توي قىلساق؟» دېگىن،
قاراپ تۇر، ئۇ ساڭا مۇش تۈگەر.

چوڭ شەھەردە رېستۇراندا توي،
تويغا كېتەر ئۈچ، تۆت تۈمەن كوي.
يېمەي، كىيمەي يىغقان نېمەڭنى -
خەجلەپ، ئالساڭ بىر ئۈز لېۋەننى،
تاشلاپ كەتسە قانداق ئازاب، ھوي؟!

شۇڭا دېمەن: ئۆيلەنمە - تاق ئۆت،
ساق بېشىڭنى ساق تۇتۇپ، ساق ئۆت.
ياستۇقۇڭنى قىزغانغىن قىزدىن،
دەسسەپ سالما قىز باسقان ئىزدىن،
بويتاقلىقنىڭ قەنتىنى چاق، ئۆت.

«پارتنىزان» بول - «يار» نى قوچۇۋال،
ياشلىقتا بىر مۇددەت ئۇچۇۋال.
بوپقالماي دەپ باغرى دەز «سايىم» ⑤ ،
قېرىپ مۈكچەي گۇماندا دايىم،
پىلىكى يوق شامدەك ئۆچىۋال!...

* * *

ئەي خۇلقى ئۈز نەسلى ئوغۇزلار،
قەلبى كىرسىز، روھى پاك قىزلار.
ياش يىگىتلەر ئۆيلەنسۇنمۇ، يا؟...
بويتاقلىقى كۆيلەنسۇنمۇ يا؟...
گەپ قىلىڭلار گۈلى قىرمىزلار!

يىگىت يۈرسە سىلەردىن قورقۇپ،
ئۆينىساڭلار «كارائى» ئوقۇپ.
تول، بويتاقلىققا توشسا بۇ ئەسىر،
قانداق بولار ئەتىكى تەپسىر،
يۈرەكمۇ - گۆش تۇرغىنى سوقۇپ؟

ئوماق قىزلار، گەپنى تېز دەڭلار،
«ئۇنداقلاردىن ئەمەس بىز!» دەڭلار.
گۇمانلارنىڭ يىپى ئۈزۈلسۇن،
يىگىتلەرنىڭ كۆزى سۈزۈلسۇن،
ۋاپادىن بەخت، سۆيگۈ ئىزدەڭلار!...

## ئۆي ئالمىغىن!

يەنە ساڭا مەسلىھەت ئەي يار،
ئۆي ئالمىغىن، ئۆي دېگەن تەييار.
پۇل كەتمەس ئۆي - ئانىنىڭ قارنى،
يات شۇ يەردە شوراپ يوق - بارنى،
بولماي دېسەڭ ئۆيى يوق سەييار.

يەرگە چۈشسەڭ ئەگەر قورساقتىن،
تۇغۇل چوقۇم بولۇپ ناساقتىن.
(مېيىپلەرگە ساناتورىيە -
«ئۆي ئال!» دېمەي، دەيدۇ «دورا يە...»)
قۇتۇلسەن غەملىك توساقتىن.

ساق تۇغۇلساڭ دېھقان بولۇۋال،
ئۆي بىھاجەت ئاڭا، بىلىۋال.
بوز - بىنەمدە، ئاي - دالادا ئۇ،
قونۇپ كۆنۈڭ سىرت - تالادا ئۇ،
ماقۇل كۆرسەڭ بۇمۇ بىر ئامال.

دېھقان كۆنى قاتتىق دەپ تاشتىن،
بولاي دېسەڭ شەھەرلىك ياشتىن.
دېسە باشلىق: «ئۆيىنى سېتىۋال؟»

③ يانفون - ياندا كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان قول تېلېفونى.
④ ئىگىن - ئۈستىباش، كىيىم - كېچەك.
⑤ سايىم - ئايالدىن قورقىدىغانلار مەنىسىدە ئىشلىتىلدى.

پۇلۇم يوق دەپ يىغلاپ يېتىۋال،
بولما ھەرگىز لۆم - لۆم ياۋاشتىن.

گەر بۇنىڭغا كۆڭلۇڭ قىيمىسا،
ئامالسىزلىق جاننى قىينىسا.
قاراڭغۇدا يول توس ــ بۇلۇۋال،
قويمىچى بول ــ ئالداپ يۇلۇۋال،
خىيانەت قىل ۋىجدان ئۇنىسا؟...

رايىڭ بۇنى راۋا كۆرمىسە،
ئۆيۈڭ يوق دەپ قىزلار سۆيمىسە،
قەدىمىڭنى يۆتكە لەھەتكە،
تارتىشمىغىن ئۇنداق قەۋەتكە،
قېنى، ئۆزۈڭ تاللا ئەمىسە!

* * *

نېمە غەم بۇ بىزنىڭ ياشلارغا،
قاراڭ قىراۋ چۈشكەن باشلارغا...
تاپاۋىتى ئاشمىسا گالدىن،
كېمى تۇرسا ۋەج ــ بىسات - مالدىن،
ئۆي كېلەمدۇ شۇ مۇئاشلارغا؟

ئۆي ئالمىسا قالسا ماكانسىز،
ئۆي بولمىسا قالسا چوكانسىز،
چىقىش يولى نەدە ئۇلارغا،
كىم بېرىدۇ ۋەدە ئۇلارغا،
دەپ: بولىدۇ ئەتەڭ توپانسىز؟...

ئەي بىنالار ــ ئولتۇراق جايلار،
سېتىۋالدى سېنى كۆپ بايلار.
تەلمۈرمەكتە سېنىڭ قوينۇڭغا،
گېرە سالماق ئۈچۈن بوينۇڭغا،
مۇئاشى ئاز شۇ ياش گادايلار.

قىسقا تۇرسا ياشلارنىڭ قولى،
كۆپ بولمىسا ئامانەت پۇلى،
پارچە پۇلغا ساتمىسا سېنى،
ئۆلگۈچە پۇل قېنى، ئۆيىت قېنى،
زادى نەدە ۋىسالىنىڭ يولى؟...

## ئۆلمىگىن!

ــ ئۆلدۈڭ - كەتتىڭ، ئۆلمىگىن ئەي يار!
بۇنداق دېسەم جاۋابىڭ تەييار:
ــ نېمە ئامال، ماڭمۇ تەگلىك،
ياشىغۇدەك چىقمىسا كەڭلىك،
بۇ تارچۇقتا ياشاپ نېمە بار؟...

نەسىھەتنى قايتىلاي يەنە،
ھايات ياشا، ياشاشتا مەنە.
تىرىكلىككە نېمە يېتىدۇ،
چىدا: «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» ⑥.
جاپا دېگەن بىر كەچلىك سەھنە.

ئېزىز جانغا قىلىپ يۈرمە قەس،
بىلسەڭ ئۆلۈش ياشىماقتىن ئەس.
چۈنكى قابىس⑦ قول سۇنار بارغا،
ئۇمۇ جاننى ئالماس بىكارغا،
نەپ يوق يەرگە يولىماس ھۆددەس⑧ .

ئىشەنمىسەڭ «D·D·W» نى ئىچ،
ئۇ پېقۇدەك سىڭەر تىپ ــ تىنىچ.
يەپ كۆر ئۇيقۇ دورىسىنى جىق،
ئۇيقۇ ئەمەس يامىشار قىچىق،
(بەرى ساختا، «پىيىزى گىچ - گىچ».)

سەكرەپ كۆرگىن بىنادىن پەسكە،
ئەتراپ توشقاچ ئەخلەتكە - خەسكە،
يېرىلمايدۇ باش - كۆزۈڭ ھەرگىز،
ئامالىڭ يوق قوپۇپ كەتمەي تېز،
بۇ «ئۆلۈش»مۇ چۈشىدۇ تەسكە.

بوينۇڭغا گەر تاننى سېلىپ،

⑥ رىۋايەت قىلىنىشىچە سۇلايمان شاھنىڭ ئەنگۈشتىرىگە «بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز نەقىشلەنگەن ئىكەن.
⑦ قابىس ـ ئەزرائىل
⑧ ھۆددەس - مۇتلەق

ئۆلمەك بولساڭ شاخقا ئېسىلىپ،
ئۆزۈلىدۇ تاناڭ پاراسلاپ،
شاخ سۇنىدۇ دەرھال قاراسلاپ،
سايىدايسەن شاختا بېسىلىپ.

«يۈرىكىمنى تىغلاي!» ياق، توختا،
قولۇڭدىكى پىچاقمۇ ساختا.
ئۇنداق تىغلار ئۆتمەيدۇ گۆشكە،
ئەجرىڭ چوقۇم كېتىدۇ بوشقا،
جان قىينىما ماغدۇرى يوقتا!...

* * *

ئۆلۈۋالسام دېگىنىڭ خىيال،
بۇ خىيالدىن، بۇرادەر، ئۇيال.
ئۆلەلمەيسەن، دېسەڭمۇ ئۆلەي،
ئەڭ ياخشىسى ئۆمرۈڭنى تىلەي،
پۇرسەتنى تۇت ئۆتمىسۇن ھايال!

ياشاش ئۇچۇن كۆرسەتكىن ھىممەت،
(ئەردەك ياشا ـ ھايات ئەڭ قىممەت!)
يا بولمىسا تۆھپىدىن شانىڭ،
يا قالمىسا نامۇ نىشانىڭ،
ئېيت، نېمەگە قىلسەن مىننەت؟

ئۆلسەڭ مەردسەن ئەھمىيەت بىلەن،
ئېلىشىپ ياۋ ـ بەدنىيەت بىلەن،
ئۆز غېمىڭگە يىغلاپ تۆكەشسەڭ،
«ئۆي، خوتۇن»غا جاننى تىكەشسەڭ؟...
كۆتەر باشنى قەتئىيەت بىلەن.

ئالەم گۈزەل، جان تاتلىق نېمە،
بىر كېلىدۇ «جان» ئاتلىق نېمە.
ئۈمىد ـ پەرۋاز، ئۇچ ـ قانات قاققىن،
ئۆلمەي ياشاپ بەختىڭنى تاپقىن،
ئۆمۈر تىلە ـ ئەجەل تىلىمە.

تاڭلار يېقىن، باھار قېشىڭدا،
ئەينا، نۇسرەت قۇشى بېشىڭدا.

ئىشەن، قورقماي يارنى باغاش ئەت،
چوقۇم سېنىڭ ئاشۇ ئۆي ـ قەۋەت،
ئۇگلۇق بولغاي ئەتەڭ ـ ئىشىڭدا!

شەيتان، سېنىڭ تەكتىڭ بۇزۇقتۇر،
يېتەر، بىزنى بوشراق ئېزىقتۇر.
«ئۆي ئالايمۇ؟ ئۆيلىنەيمۇ؟» دەپ،
يۈرمىسۇن، بەس، ياشلار ئېسەدەپ،
ئۆلۈم ـ يوقال! تەمىڭ تۇزلۇقتۇر...

## خاتىمە ئورنىدا

مۇڭلانىسمۇ ئەسقەر «ئۇھ» تارتىپ،
ھەممە غەمنى ئۈستىگە ئارتىپ.
بىلدىم بۇ غەم خەقنىڭ ـ ياشلارنىڭ،
ھالى ئوخشاش دەۋرداشلارنىڭ،
«مەن» بۇ يەردە پەقەت بىر كاتىپ.

مەنمۇ «مەن»نىڭ يولنى بويلاپ،
نۇرغۇن «مەن» نىڭ رولنى ئويناپ،
مىسرا تىزىپ قىڭغىر سوراقتىن،
چاقچاق يازدىم ئەڭ چەت ـ يىراقتىن،
قىز، يىگىتنىڭ بەختىنى ئويلاپ.

«ئۆيلەنمە» ـ بۇ گېپىم كىنايە،
قىلما ياشلار پۇرسەتنى زايە.
«ئۆي ئالمىغىن» دېگىنىم خاتا،
قوشلارغىمۇ ئۆي كېتەر ھەتتا،
غەلىتىلەرگە قىلما رىئايە!

ئۆيلەن، ئۆي ئال، ئۆلۈۋالمىغىن،
گاڭگىراشقا كۆنۈۋالمىغىن.
نەسىھەت شۇ ساڭا دەيدىغان،
غەم نان ئەمەس چىلاپ يەيدىغان،
قالغىنىنى ئۆزۈڭ تاللىغىن.

ئەسقەرگە ئېيت شەھەر ياشلىرى،
تۆگىگەندە ئالدىراشلىرى،
بىز تەرەپنى كۆرسۇن، كۆزەتسۇن،
يازسۇن، بىزنىڭ ئۆيدە تۈزەتسۇن،
كۆتەر ئۇنى دوست ـ قاياشلىرى!...

1999 ـ يىل 21 ـ مارت، خوتەن.



# يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن

ـ پەرھات تۇرسۇن بىلەن شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىزلىنىشلەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتىن خاتىرە

= **مۇھەممەد سالىھ مەتروزى** =

سۆھبەت ئۇسلى

**مۇھەممەد سالىھ مەتروزى:** پەرھات، سىزنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە، پوۋېستلىرىڭىز ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ ياش كىتابخانلار سىزگە دىققەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە، سىز يېزىقچىلىقتا پروزىدىن بەكرەك شېئىرىيەتكە بېرىلگەن ئىدىڭىز. شۇنداق تۇرۇغلۇق، كىتابخانلارغا شېئىرلىرىڭىزدىن ئانچە تەقدىم قىلمىدىڭىز.

**پەرھات تۇرسۇن:** ئۇيغۇر- لاردا شېئىر يازىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا بەزىلەر ماڭا نەسىھەت قىلىپ- بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز تەرەققىي قىلىپ كەتتى، شۇڭا بۇنىڭدا ئۈزۈپ چىقىمىقىڭ تەس، ئەڭ ياخشىسى پروزا بىلەن شۇغۇللان، پروزا بەك ئاجىز، ـ دېگەنىدى. مەن ئۇ چاغلاردا بەكمۇ كىچىك بولسامۇ، جاھىللىقتىن ئىبارەت توپكى خاراكتېرىم شەكىللىنىپ بولغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زادىلا مەنسىتمىگەنىدىم، ئەشۇ «ئۈزۈپ چىقىش قىيىن» بولغان شېئىرىيەت بىلەن ئاخىرىغىچە شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزۈمنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىزلىنىشلىرىمنى پروزىدىكى ئىزلىنىشمگە قارىغاندا ئۇگۇشلۇقراق بولدى، دەپ ئويلايمەن. بىراق، شېئىرىيەتتىكى ئىزلىنىشلىرىم ھامان باشقىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كەلدى. بەلكىم بۇ باشقىلارنىڭ مېنى «چېكىدىن ئاشقان» دەپ ھېس قىلىشىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا مۇھەررىرلەر ئەسەرلىرىمنى قايتۇرۇۋەردى. بەزى شېئىرلىرىم قولدى ـ قولغا ئۆتۈپ، باشقى- لارنىڭ تاجاۋۇزلىرىغا ئۇچراپ

كەتتى. ئەمدى يەنىلا شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلماي يۈرۈۋەرسەم، ئەڭ ئاخىرى شېئىرلىرىمغا باشقىلار ئىگە بولۇپ، مەن تەقلىدچى ھېسابلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، شۇڭا، ئەمدى بۇ خەۋپنى تۈگىتىش ئۈچۈن شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلىشقا تىرىشىمەن.

**مۇھەممەد سالىھ:** بىزدە بىر مەزگىل ئاتالمىش «مودېرنىزمچە شېئىرلار» مەيدانغا كېلىۋىدى، بەزى ئوبزورچىلىرىمىز بۇ ھەقتە ھەدەپ بەس - مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. سىز مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە قانداق قارايسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن مودېرنىزمنىڭ تەسىرىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. ھەممەيلەنگە ئايانكى، بىزنىڭ ئارىمىزدىن مودېرنىزمدىن ئەتراپلىق خەۋەردار بولغانلاردىن بىرنەچچىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مودېرنىزمنى ھېچكىم بىلمىسە، قانداقمۇ مودېرنىزمنىڭ تەسىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ سىز ئېيتقان ئاتالمىش مودېرنىزمچە شېئىرلار بارلىققا كەلگەن چاغلاردىلا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بەزى شائىرلارنىڭ ۋە بەزى ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ شوئار خاراكتېرىدىكى بەزى سۆزلىرى بىزدىكى مودېرنىزمچى بولۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇلار تا ھازىرغىچە ئەشۇ شوئارلارنى تەكرارلاپ يۈرۈشىدۇ. كېيىن ھېس قىلىپ يەتسەم، ئۇلار ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. ئەڭ ئاددىسى ئۇلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن «سەنئەت - چۈش دېمەكتۇر» دېگەن سۆزنى مەن بىرنەچچىسىدىن سوراپ باقسام، ئېنىقلاندىكى، ئۇلار بۇنى «سەنئەت ئەنە شۇنداق قالايمىقان نەرسە دېگەن سۆز» دەپ چۈشىنىدىكەن. بۇ ئاتالمىش مودېرنىزم ھەۋەسكارلىرى ئىچىدىكى ئاۋانگارتلارنىڭ كۆزقاراشلىرى، ئۇلار ھەتتا بۇ سۆزنى ئېيتقان ئاۋستىرىيىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرى فىرېئودنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. فىرېئودنى پەيلاسوپ ياكى شائىر دەپ ئويلايدىكەن. فىرېئودتىن ئىبارەت بىر دوختۇرنىڭ بۇ سۆزى ھەرگىزمۇ بىرەر شائىرنىڭ خام خىيال بىلەن تولغان كاللىسى توقۇپ چىقارغان شېئىرىي سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ فىرېئودنىڭ نۇرغۇن يىللىق تىببىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە چىقارغان يەكۈنى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار ئىلگىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا سىگمونت، فىرېئودنى تونۇشتۇرغان بىر ماقالە ئېلان قىلىنغانىدى. مەن گۇڭگا شېئىرچىلارغا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بىر - ئىككى بەتلىك تەرجىمال ياكى ئاتالغۇ ئىزاھاتى بىلەن شائىر بولۇۋالغىلى، بولۇپمۇ مودېرنىزمچى بولۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇنداق تەرجىمال ياكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بەرگەن ماقالىلەردىن كۆرۈۋالغان بەزى سۆزلەرنى ئۆزۈڭلارمۇ چۈشەنمەي يادلىۋېلىپ ۋە باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرمەڭلار. فىرېئودلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئىنتايىن زور ۋە مۇرەككەپ بىر ئىلمىي سىستېما، ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىغان بۇنداق ئىلمىي سىستېمىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇشلا ئەمەس، تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلگەن يەردە، سىلەر ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەپ، ئۆزۈڭلارنى بىلىمدار كۆرسىتىپ يۈرسەڭلار، تاسادىپىي ئۇنىڭدىن سەل خەۋىرى بار بىرەرسى چىقىپ قالسا سىلەرنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ.

مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئەنە شۇنداق مەشھۇر سۆزلەر ئۇزۇپلا ئېلىنىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغىدەك مالىمانچىلىق ۋە قاشقاقلىقنى شەكىللەندۇردى. بەزىلەر بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن بولسىمۇ، بىراق مودېرنىزمدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئىلاجىسىز ئۇلارنى كاپىتالىزمنىڭ مودېرنىزمىنى قوبۇل قىلدى، دەپ پۈتۈنلەي سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدىن چىقىپ پىپەن قىلدى. پەقەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆگىنىپ قالغان سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسىدىن سەل نومۇس قىلغان بەزىلەر بولسا ئىلاجىسىز مىللەتچى

بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە قارشى چىقتىڭ، دەپ رەنجىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مودېرنىزمچى ھېسابلىۋېلىشىغا تېخىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

**مۇھەممەد سالىھ:** بىز سىزنىڭ غەرب پەلسەپىلىرى ۋە ئەدەبىياتىنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمىز، ئەجىبا، ئۇلار باشقىلارنى، بولۇپمۇ ياش ھەۋەسكارلارنى كولدۇرلىتىپ يۈرگەندە، سىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، لىللا گەپتىن بەرەرنى قىلىپ كويمىدىڭىزغۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەيىبلىك ئەمەسمۇ؟

**پەرھات تۇرسۇن:** سىز بىلىسىز، 1987 ـ، 1988 ـ يىللىرىلا بىز بېيجىڭدىكى ۋاقتىمىزدا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشنى ئويلاشقان، لېكىن بۇنى سەل ئەھمىيەتسىز، دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، مودېرنىزم ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى بەزى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان كىتابلار گۈڭگا شېئىر قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسىدە نەشر قىلىنسا، كىشىلەر ھەقىقىي مودېرنىزمدىن خەۋەردار بولسا، ئۇلار ئۆزلىكىدىنلا رەسۋا بولىدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلەپتىمەن. بولۇپمۇ تاھىر ھامۇت مېنى توسۇپ: «بولدى، بىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، بۇ ۋاقىت ئاجراتقۇدەك ئەھمىيىتى بار ئىش ئەمەس» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىرەڭ قىلماپتۇق. گۈڭگا شېئىرلارنىڭ بۇنچە يامراپ ئاپەت بولۇشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمىز. كېيىنچە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچىدىم. ئالىي مەكتەپلەردە ئەخمەتجان ئوسمان، باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى قومدەك كۆپ ئىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ساختا بىلىمدارلىق بىلىمسىزلىكتىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك. مەن بىر ـ ئىككى ماقالە يازغان ئىدىم، بىراق ئېلان قىلدۇرمىدىم. چۈنكى بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىزدە مۇنداق بىر كەيپىيات شەكىللەندى، يەنى سىز بىرەرسىنى تەنقىدلەپ ماقالە يېزىپ قويسىڭىز، بالاغا قالغىنىڭىز شۇ! ئۇلار تەنقىدتىن خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، تېخىمۇ كېرىلىپ كېتىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن بولماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ قالىسىز، ئۇلار بىز توغرىلىق بەس ـ مۇنازىرە قىلدى، دەپ سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىز ئەدەبلىگەن نەرسە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بىر قىزىق نۇقتا شەكىللەندۈرىدىكەنسىز. سىز «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەكنى ئوقۇغانمۇ؟

**مۇھەممەد سالىھ:** ئوقۇغان.

**پەرھات تۇرسۇن:** گۈڭگا شېئىرچىلار ئەشۇ چۆچەكتىكى ئىككى ئالدامچىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئالدامچىلار «پادىشاھنىڭ كىيىمىنى كىم كۆرەلمىسە، شۇ ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق ئەمەس» دېگەندەك، ئۇلارمۇ ئالدى بىلەن «شېئىرلىرىمىزنى چۈشەنمىگەنلەر بىلىمسىز» دەپ جاكارلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار سالاھىيىتىگە لايىق ئەمەس دەپ قارىلىشتىن ئەنسىرەپ غىڭ قىلالمىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كىشىلەر ئاساسەن ئۇنى چۈشەنگەن بولۇۋالدى. ئۇلارنى تەنقىدلەپ ماقالە يازغانلارنىڭ ھېچقايسىسى «پادىشاھنىڭ كىيىمى يوق ئىكەن» دېيەلمىدى. پەقەتلا «پادىشاھقا كىيىم ياراشمىدى، بۇ كىيىم ئۇيغۇرچە كىيىم ئەمەسكەن» دېدى، ھەتتا قۇربان بارات ئاكىمۇ بۇ كىيىم ئوغرىلاپ كەلگەن كىيىمكەن، يەنى ئۇلار غەربنىڭ مودېرنىزمىنى كۆچۈرۈۋالدى، دەپ ئاغرىنىپ يۈردى.

**مۇھەممەد سالىھ:** سىزنىڭ گېپىڭىزدىن ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرى ساختا مودېرنىزم دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ يازغانلىرىغا نىسبەتەن سىز قانداق كۆزقاراشتا؟

**پەرھات تۇرسۇن:** ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ساختا مودېرنىزم دېيىلسە، بەلكىم ئۇلار ماختانغان بولۇپ قالار، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق بىرنەچچە سۆز بىلەن باھالاش مۇمكىن: ① ساختىلىق، ② ئىستىلىستىك ۋاستە ئويۇنى، ③ پۇچەك.

**مۇھەممەد سالىھ:** بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ باقامسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** ساختىـ

لىقنى ئەدەبىياتلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت كەچۈرمەيدۇ. گۇڭگا شېئىر ئاپتورلىرىنىڭ يازغانلىرى ئاغرىقسىز ئىڭراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ھەقىقىي رېئاللىققا يېقىن كېلىدىغان ھېچنەرسە يوق. ھەممىسى جۆيلۈشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، چۈش بىلەن جۆيلۈشمۇ تەبىئىي ۋە چىن بولسا بولىدۇ، يارىشىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرى ھەممىسى ياساپ چىقىرىلغان ساختا چۈش ۋە جۆيلۈش. چۈش ۋە جۆيلۈش يوشۇرۇن ئاڭدىن بىشارەت بېرىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرى قەستەن ۋە ساختا بولغاچقا، يوشۇرۇن ئاڭنى ھېس قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار سەل گۇدەك ئىدى. يەنى ناھايىتى ئاددىي پىكىرلەرنى، ئومۇملاشقان كۆزقاراشلارنى، باشقىلار چايناپ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتكەن شوئارلارنى قەستەن چۈشىنىكسىزلەشتۈرۈپ يازدى. ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر كۆتۈرۈۋالغان شوئارى «قىيپالىڭاچ ئىپادىلەنگەندىن، يوشۇرۇنراق ئىپادىلەنگەن ياخشى» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر سۆزىنى ئىزىپ ئىچۈرۈشتىن باشقا، ھېچقانداق نەزرىيىۋى ئاساسى يوق. دېمەك، ئۇلار مۇشۇ نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلدى، يەنى بۇرۇن تولا دېيىلىپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى پەقەتلا يوشۇرۇنراق ئىپادىلىدى، خالاس. بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ياقلىغۇچىلىرى ئۇلارنى «شوئارنى ئوچۇق يازمىدى» دەپ ئاغرىنىدى. ئۇلار بولسا: «يوشۇرۇنراق يازماي، سېنىڭ يازغانلىرىڭنى قايتا يېزىۋەرگەندىن، سەل يوشۇرۇپ يېزىپ، يېڭىلىق ياراتقان بولىۋالساق ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ئۇلارغا مۇشت ئاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر، يەنى شوئار ۋە پەند - نەسىھەت ئىدى. بىراق كېيىن گۇڭگا شېئىرچىلار سەل ئويلىنىپ قالغان بولسا كېرەك، تېخىمۇ بىر بالداق ئۆرلەپ يازغانلىرىنى بىر توپ چىرايلىق سۆزلەر ۋە مەنىسىز ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ دۆۋىسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس قىلىپ قويدى. بۇنداق پۇچەكلىك بارا - بارا كېڭىيىپ، ھەتتا ماقالە، ئوبزورلارغىمۇ كېڭەيدى. ئىشقىلىپ دۇنيادا ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور ئالدامچىلىق دېلوسى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن يېزىش ۋە ئوچۇق يېزىش دېگەن كۆزقاراشلىرىمۇ، ھەتتا بۇ كۆزقاراشنى شەرھلەپ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىمۇ، «گۇڭگا شېئىر» دېگەن ئاتالغۇمۇ تامامەن خەنزۇ شېئىرىيىتىدىن كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئەگەر تەلەپ قىلىنسا، بۇ نەرسىلەرنى مەن دەلىل - ئىسپات بىلەن كۆرسىتىمەن. سۆزمۇ - سۆز ئوخشاش جايلار بار. ئۇلارغا شۇنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىدۇكى، شېئىرنىڭ مەقسىتى يوشۇرۇش ئەمەس، ئىپادىلەش. ئەگەر شېئىرنىڭ مەقسىتى يوشۇرۇش بولسا، بىكاردىن مەتبۇئاتنى ئاۋارە قىلماي، گېزىتلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىغا: «مەن شېئىر يازماقچى، ئۇنى سىلەرگە دەپ بەرمەيمەن، قانداق چۈشەنسەڭلار چۈشىنىۋېرىڭلار» دەپ ئېلان چىقىرىپلا قويسا بولمامدۇ؟ شېئىر بولمىغان نەرسىنى سەن ھەرقانچە يوشۇرساڭمۇ ئۇ شېئىر ئەمەس. ھەقىقىي شېئىرنى ھەرقانچە قىلىپ يالىڭاچ يازساڭمۇ شېئىر! ئەگەر گۇڭگا شېئىر يېزىشنى ئۆگەنگۈچىلەر يەنە بار بولسا، مەن ئۇلارغا مۇنداق بىر فورمۇلا تۈزۈپ بېرىمەن. سۆزلەرنى شۇ فورمۇلاغا سالسىلا گۇڭگا شېئىرلارنى ياغدۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ: (بۇ فورمۇلا 53 - بەتكە بېرىلدى. مۇھەررىردىن).

سىز خالىغان سۆزنى تاللاپ مۇشۇ فورمۇلاغا سالسىڭىزلا، شېئىرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىنى بىلمىسىڭىزمۇ، يەنىلا گۇڭگا شېئىرچى بولۇۋېرەلەيسىز. ئەگەر قاپىيە ئېھتىياجى تۇغۇلسا، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى چۇۋۇۋەتمەي، ئالماشتۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. گۇڭگا شېئىر ئەنە شۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**مۇھەممەد سالىھ:** ھاھ... ھاھ... بۇ فورمۇلايىڭىز تازىمۇ جايىدا بولدى. ئۇنداقتا سىز مودېرنىزمغا قانداق قارايسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** مودېرنىزم ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى روھىي ھالىتىنى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ

| بىنسل + مەسلەن؛ | مالتا، مەكتە + لاندى لەندى | +ئابستراكت ئىسىم ھەرىكەتنام | + ىم + لىرىم | كونكرېت ئىسىم | +ما، قا، گە، كە + سىدە + مىدە | + ئابستراكت ئىسىم ھەرىكەتنام | + ىم + لىرىم | + كونكرېت ئىسىم | + لىرى ى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۆلەك - | مەكتە | روھ - | ىم | تۆۋرۈك - | سىگە | چۈش - | ۈم | مەت - | لىرى |
| ئۆرۈل - | مالتا | سۆيگۈ | ىم | بىلتىرد - | خا | ئىغل - | ىم | پالتا | لىرى |
| يىغل - | مالتا | تەگرد - | ىم | ئاسماد - | خا | تۆلۈە - | ىم | ئىز | لىرى |
| تىترە - | مەكتە | ئىرادە | ىم | قەبرە - | سىدە | چىقىلش - | ىم | جالا - | ى |
| بوغۇز | لاندى | ئىتتىلش - | لىرىم | خەنجىر - | مىدە | پالقايچىلا - | ىم | شائىر | لىرى |

بېرىشكە لايىقلىشالماي قالدى. شۇڭا، مودېرنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دېمەي ئىلاجىمىز يوق. بىرىنچىدىن، مودېرنىزم سىمۋول ۋە بىشارەتلەرگە بېرىلىپ كەتتى. بىز شېئىرىيەتنى ساددىلىق ۋە تۈزلۈككە قايتۇرۇپ كېلىشىمىز، ئۇنى غەلىتە ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ۋە ھىلە - مىكىرلەرنىڭ پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىشىمىز كېرەك. ئىستىلىستىك ۋاستە ۋە تېخنىكىغا بېرىلىپ كېتىش شېئىر بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ پەيدا قىلدى. شېئىردىن ئەمەس، ئەھمىيەتسىز ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ھوزۇرلىنىشقا شائىرلار ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرىلا قىزىقىدۇ. شۇڭا، شېئىر پەقەت شائىرلارلا ئوقۇيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. باشقىلار بولسا بۇ نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ. ئەھمىيەتسىز ئىستىلىستىك ۋاستە ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەرنىڭ دۆۋىسىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇلار شېئىرلارنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىدۇ.

**مۇھەممەد سالىھ:** سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا ھەممە نەرسە تۈز، نەق ۋە دەلمۇدەل يېزىلدى، سىز نېمىشقا سىمۋولنى ياقتۇرمايسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** ھازىرقى دەۋر مودېرنىزم دەۋر سۈرگەن چاغلارغا ئوخشىمايدۇ، مودېرنىزم دەۋرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر تىراگېدىيىلىك ئۆتكۈنچى دەۋر ئىدى. نىتزى خۇدانىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئېتىقاد بىلەن مەنىسىزلىك ئارىسىدا جان تالاشقان، ئىدراك بىلەن غەيرىي ئىدراك، ئەخلاق بىلەن ئاياللار ئازادلىقى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر ئىدى. شۇڭا، مودېرنىزمدىن بىر تىراگېدىيىلىك ئېغىرلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىقى ۋە ئۆتمۈشكە قىياسلىق تەڭلا مەۋجۇت. بىز كافكا، جامېس جويىس ۋە توماس ئېلىيوتلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەم قەدىمكى دەۋرگە خاس ئەپسانە، ھەم يېڭى دەۋرگە خاس يېڭىلىقنى، ھەم ئېتىقادنى، ھەم مەنىسىزلىكنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق، ھازىرقى دەۋر ئۇنداق دەۋر ئەمەس. نىتزى «خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، فوكەۋ «ئادەم ئۆلدى» دەپ جاكارلىدى. بارسىلىم ۋە جون باسلار * بولسا ئەدەبىياتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بىز بۇنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز. ئەدەبىيات ئۆلگەنىكەن، بىز ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى، بەدىئىي تېخنىكىلارنى نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭ

* بارسىلىم ۋە جون باس ـ ئامېرىكا ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى

ئۈستىگە ھازىرقى دەۋردە ھەممە نەرسە يالىڭاچلانماقتا. كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىملىرىمۇ ئازىيىپ كېتىپ بارىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يالىڭاچلىنىۋاتىدۇ. رېئاللىقنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتى يالىڭاچلىنىۋاتىدۇ. ھەممە سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ جىنس ھەققىدە ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ھەتتا پۇل توغرىسىدىمۇ ياپتىراق گەپلەر بىلەن پاراڭلىشاتتى، ھازىرچۇ؟ ھەممە نەرسە ئوچۇق - ئاشكارا، مانا مۇشۇنداق دەۋردە دېمىدىغىنىمىزنى دېگىلى ئۇنىماي، نازلاپ، پاھىشىدەك غىلجىڭلاۋېرىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دەۋرىمىز سىمۋولىزمنى ئاللىبۇرۇن كېرەكتىن چىقارغان.

**مۇھەممەد سالىھ:** سىز شېئىرلىرىڭىزنى ناھايىتى ئەركىن، ئازادە يازىسىز، شېئىرلىرىڭىزدا ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر، دەبدەبىلىك سۆزلەر، چىرايلىق ئىبارىلەر ئۇچرىمايدۇ. سىز زادىلا سۆز تاللىمايدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىي تىل ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

**پەرھات تۇرسۇن:** بەزىلەر مېنىڭ شېئىرلىرىمدا شېئىرىي تىل يوق، دەپ خاپا بولۇشقان، ئۇلارچە بولغاندا، سۆزلەر شېئىرىي ۋە شېئىرىي ئەمەس سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. دۇنيادا بەلكىم شېئىرىيەت ھەققىدە بۇنىڭدىن كۈلكىلىكرەك كۆزقاراش بولمىسا كېرەك. بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنى خالىغانچە ئىپادىلەش ھوقۇقى بار. ھېچكىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى شېئىردا ئىشلىتىسەن، ئىشلەتمەيسەن دەپ چەك قويىدىغان ھەققى يوق. مېنىڭچە، بىز شېئىر يازغاندا پەقەت ئۆزىمىز ئىپادىلىمەكچى بولغان تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كەلسىلا، سۆزلەرنى تاللاپ ئولتۇرماي خالىغانچە ئىشلەتسەك بولىدۇ. چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ شېئىر يازىدىغان ناپاقلارنىڭ شېئىرلىرى چىرايلىق سۆزلەر دۆۋىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ساختا بولۇپ قالمىسىلا بولىدۇ. ئۆزىنى خارلاش خاراكتېرىدىكى يېزىقچىلىق ھامان ساختىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا بەزى سۆزلەرنى زورلاپ ئىشلەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ماھارىتى ئىمىش، بەزىلەر (مەسىلەن: ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن) شېئىرىي تىلدا يېڭىلىق يارىتىمەن دەپ، شېئىرغا قەستەن پەننىي ئاتالغۇلارنى زورلاپ كىرگۈزگەن ئىكەن، بەكمۇ چېنىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شېئىر يېزىشىدىكى نىيىتى ساپ ئەمەس. بۇنى خېلى بۇرۇنلا ئاللىقاچان دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىن ئۆتكەن ئەدەبىي ئېقىم — كەلگۈسىزم سىناق قىلىپ مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى كەلگۈسىزمغا ئوخشىسىمۇ مەيلى ئىدى. بىراق زادى قاملاشتۇرالمىدى. ناھايىتى كۈچىنىپ، باش قاتۇرۇپ، شېئىرلىرىغا زامانىۋى ئاتالغۇلارنى تاڭغان ئىدى، شېئىرلىرى بەكمۇ كۈلكىلىك بولۇپ چىقتى. ئەڭ مۇھىمى چىڭقىلىپ، ئۆزىنى خارلاش خاراكتېرىدە ئەسەر يېزىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**مۇھەممەد سالىھ:** ئەخمەتجان ئوسمان سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا ئەۋلىيالارچە پىكىر يوق دېگەن ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن پارچە - پۇرات نەرسىلەر بىلەن تولغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش ھالىتىگە چېتىلىدىغان نەرسىلەر بار.

**پەرھات تۇرسۇن:** ئەمەلىيەتتە، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدا زادىلا ئەۋلىيالارچە پىكىر يوق، ئەۋلىيالارچە پىكىر ئەمەس، ھېچنېمە يوق. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلەر دۆۋىسىنى كۆز - كۆز قىلغان بولسا كېرەك. ئۈزۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، رېئاللىقتا يۈكسەك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. يۈكسەكلىك — ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي خام خىيالى. ئادەملەر يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت كۆرۈنمەس غايىۋى كەيپىياتنى توقۇپ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى ئالداش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا،

دۇنيادا ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئەلبېر كامۇس بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر سارىڭ داستىكى سۇغا قارماق تاشلاپ ئولتۇرسا، دوختۇر كېلىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دېسە، بېلىق تۇتۇۋاتىمەن، دەپتۇ. بېلىق تۇتتۇڭمۇ؟ دەپ سورىغان ئىكەن، سارىڭ: سەن ھەقىقىي سارالڭ ئىكەنسەن، داستىكى سۇدا بېلىق نېمىش قىلىدۇ» دەپتۇ. بىز ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا داستا بېلىق بار، دەپ ياشايمىز. بىزنىڭ ھاياتىمىز بېلىق تۇتۇش، داستا بېلىق بارلىقىغا ئىشەنمىسەك، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ! بىز ياشىيالمايمىز. يۈكسەكلىك ئەنە شۇ داستىكى بېلىققا ئوخشايدۇ. بىراق، ھازىر ئىنسانىيەتنىڭ تىراگىدىيىلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بىز داستا بېلىق يوقلىقىنى بىلىپ قالدۇق. ئۆزىمىزنى ئالداش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدۇق. چۈنكى بىز يۈكسەكلىكنىڭ تۈپكى ئاساسى بولغان ئېتىقادتەك مەۋھۇم نەرسىلەرنى يوقاتتۇق. ھاياتنىڭ ئەسلى بەشەرىيسىنى بېزىش ئىقتىدارىنى يوقاتتۇق. شۇڭا بىز رېئاللىققا ئىلاجسىز بوي سۇنۇپ، ئۆزىمىزگە رەھىمسىزلىك قىلماي ئىلاجىمىز يوق.

**مۇھەممەد سالىھ:** تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزىبىر سىناقلار سىزنىڭ ئىزدىنىشىڭىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، سىز ئۇنىڭ تۇتقان يولىغا قانداق قارايسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرنى بىر خىل كونكرېتلىققا، رېئاللىققا سۆرەپ كىرىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ساختا نەرسىلەر يوق.

**مۇھەممەد سالىھ:** سىز ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تىيىپجان ئېلىيوف، ئوسمانجان ساۋۇتلارنىڭ شېئىرلىرىغا يازغان ئوبزورلىرىغا قانداق قارايسىز؟

**پەرھات تۇرسۇن:** مەن ئۇ ئوبزورلارنى كۆرۈپ، ئەخمەتجان ئوسمان باشلانغۇچ مەكتەپكە گىرامماتىكا دەرسى ئۆتسە چاندۇرمىغىدەك، دېگەنلا ھېسسىياتقا كەلدىم. قۇربان ئاكام ئۇنى قۇرۇلمىچىلىق دەپ باھا بەردى، بۇ تامامەن خاتا. راستىنى ئېيتقاندا، ئەخمەتجان ھەممە نەرسىدە يېڭىلىق ياراتقۇچى بولۇۋېلىشقا تىرىشتى، بىراق ھەممىنى قاملاشتۇرالمىدى... سىز «تاۋۇس ئەللەيسەن» دېگەن چۆچەكنى ئوقۇغانمۇ؟ بۇ ئىنتايىن كاتتا بىر چۆچەك.

**مۇھەممەد سالىھ:** ئوقۇغان.

**پەرھات تۇرسۇن:** كۆڭگا شېئىرچىلار ئاشۇ چۆچەكتىكى بوياقچىنىڭ بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەن قوتۇر ئېشەككە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلار ھازىر رەڭمۇرەڭ بويالغان تۈكلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆزلىرىگە «تاۋۇس ئەللەيسەن» دەپ ئات قويۇۋېلىپ، ئورمانلىققا پادىشاھ بولۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەسلى بىر قوتۇر ئېشەك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيۋاتىدۇ.

**مۇھەممەد سالىھ:** ئەمدى ئۇلار يامغۇردا قالسىلا، بوياقلىرى ئۆچۈپ، ئەپتىنى ھەممە ئادەم كۆرۈۋالىدۇ!

(«قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىدىن **ئەنۋەرجان سادىق** تاللاپ ئەۋەتكەن)

## ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارغا

● ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ماقالە ـ ئەسەرلەرگە ژۇرنال باسمىدىن چىقىپ 15 كۈن ئىچىدە ئۆلچەم بويىچە تېگىشلىك قەلەم ھەققى تارقىتىلغاندىن سىرت، يىل ئاخىرىدا كىتابخانلار باھالاپ چىققان كىتابخانلار ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە ـ ئەسەرلەرگە يەنە ئايرىم مۇكاپات قەلەم ھەققى تارقىتىلىدۇ.

● ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق ماقالە ـ ئەسەر ئىلگىرى باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.

● ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ماقالە ـ ئەسەر ئۈستىدە كىتابخانلار ژۇرنال يۈزىدە ئەركىن، ئوچۇق، ئاشكارا بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

● باشقا گېزىت ـ ژۇرناللار ژۇرنىلىمىزدىن ماقالە ـ ئەسەر تاللاپ ئىشلەتكەندە، تاللانغان ماقالە ـ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى چوقۇم ئەسكەرتىشى كېرەك.

## قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستكىسى ئالاھىدە ھەمكارلاشقان سەھىپە

# ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئىشلەشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

تۇردى تۇرسۇن

(قاغىلىق تاشيول باش ئۇچاستكىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى)

باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىدە يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى شەرھلەپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى يېتەكچى ئىدىيىسى، ۋەزىپىسى، تۈپ تەلىپىنى ناھايىتى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى كادىرلار خىزمىتىنىڭ نىشانى، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، تەربىيىلىنىش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى بولدى. لېكىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. يەنى ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت ئاجىزلاپ قالدى. ئارقىدا قالغان كادىر - خىزمەتچىلەر بىلەنمۇ بىر كىمنىڭ ئانچە كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك باش كۆتۈردى. شۇنداقلا چىرىكلىشىش پەيدا بولۇپ ھەم يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خاتىرجەم ياشاش تەس بولۇشتەك ئەھۋال ئۇخشىمىغان جايدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەيدا بولدى. مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى سىياسىي خىزمەتچىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە بىلەن ياخشى تەربىيىلەنگەن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش ۋە بۇ كادىرلارنى ئاۋانگارتلاردىن قىلىش ئارقىلىقلا ھەل قىلىش مۇمكىن.

باش شۇجى جياڭ زېمىن سۆزىدە يەنە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسپىنى تىرىشىپ قەدىرلەش، بىلىم توپلاش ۋە تەجرىبە توپلاشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغان كەسپىي بىلىم ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلاشنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

سىياسىي خىزمەت قانداقتۇر سىرلىق بىر نەرسە ئەمەس. ئادەم، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بار يەردە، ئەلۋەتتە سىياسىي خىزمەت بولىدۇ. تاشيول سىستېمىسىدا سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئوخشاشلا ئىنتايىن مۇھىم.

تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرى شارائىتى ناچار، ئېگىز تاغ - داۋانلار ۋە چۆل - جەزىرىلەردە يىل بويى ئىشلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، بىلىم قۇرۇلمىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغاچقا، بۇ خىل ئامىللار تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پۈتكۈل ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا قارىتا بىز سىياسىي خىزمەتچىلەر قاراتمىلىق، پىلانلىق ۋە قەدەممۇ - باسقۇچلۇق ھالدا، تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ھازىرقى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئاممىباب تىل بىلەن ئىپادىلىگەندە «مەقسەتلىك ئوق ئېتىش»، «ئوقنى بازىغا چەنلەپ ئېتىش» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دېگەنلىك — ماركسىزم - لېنىنىزم،

ئەسسالام، تاشيولچىلار!

ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىنى تەدبىقلاپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى قائىدىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىشتە بىلىش بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇش، تەربىيە بىلەن تەربىيىلىنىش بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش — ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپى. شۇڭا سىياسىي خىزمەتچى نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەگەر توغرا، يۇقىرى نەزەرىيىۋى بىلىم بولمىسا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. ۋەزىيەت، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئورنىمىزغا بولغان تەسىرىنى دائىم تەتقىق قىلىپ، ياخشى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيىنى جانلىق، قايىل قىلارلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

تەربىيە بەرگۈچى تەڭ - باراۋەر پوزىتسىيە ۋە دېموكراتىك ئۇسۇل ئارقىلىق، تەربىيىلەنگۈچىلەر بىلەن ئىدىيە، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى بىرلىكتە ئىزدىنىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئاممىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۆزۈمنىڭلا راست دەپ باشقىلارغا تەنبىھ بېرىشكە بولمايدۇ.

سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە - بىلىم ئۆگىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى قوزغايدىغان خىزمەت، ئاما ئىچىدىكى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان خىزمەت. پاكىتلىق ۋە قائىدىلىك سۆزلىگەندىلا، كىشىلەرنى قايىل قىلغىلى، تەربىيىلىگىلى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتتە تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈش، تەقدىرلەشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

تەقدىرلەش بىلەن تەنقىد قىلىشنىڭ ھەر ئىككىسى تەربىيە بولۇپ، ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىنى قوزغايدىغان مۇھىم ۋاستە. بۇنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ.

تەقدىرلەش — ئادەمگە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن قىممىتىنى تونۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ كىشىنىڭ ھەرىكەت مۇددىئاسى كۈچىيىپ، يەنىمۇ تىرىشىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ.

تەنقىد ئادەمگە ئۆز خاتالىقىنى تونۇتۇش ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ. ئىلغارلارنى تەقدىرلەش مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئارقىدا قالغانلارنى تەنقىد قىلغانلىق بولىدۇ.

تەقدىرلەش بىلەن تەنقىدنى بىرلەشتۈرۈپ، تەقدىرلەشنى ئاساس قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە ئومۇميۈزلۈك قاراش، ماھىيەتكە قاراش، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سېزىۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقلىرىنىلا ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا ئىلمىي پوزىتسىيىدە قاراش ۋە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

تەقدىرلىگەندە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، يالغانچىلىق، شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرماسلىق، مۇبالىغە قىلماسلىق، بېرىلىدىغان باھا مۇۋاپىق بولۇش كېرەك.

تەنقىد قىلغاندا پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىق، ئۆچ ئېلىش، زەربە بېرىشتىن ساقلىنىش، گەپ - سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

بىر خىل كۆزدە قاراش، ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئىش قىلماسلىق، مۇددىئاسى توغرا بولۇش، تەنقىدتىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ غورۇرىغا تەگمەسلىك كېرەك.

# خوتۇنۇمنىڭ ئەرلەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

= فاڭ زى =



1



2

## 1. تېپىك ئەرلەر

بىر دوستۇم مۇنداق دېدى: مەن تاللىغان ئەر چوقۇم تېپىك ئەر بولۇشى كېرەك.

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: تېپىك ئەرلەرنى ئۇچرىتىش بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىش. ھازىرقى جەمئىيەتتە تېپىك ئەرلەرنى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن؟ تېپىك ماقالىلەرمۇ ئاز تۇرسا، ئەرلەر نەدە تۇرۇپتۇ؟

## 2. ئويۇنباز ئەرلەر

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك بالا. سىرتقا چىقىپ ئويناپ كىرىشكە يول قويمىساڭ، كۆڭ بويى ئوينايمەن دەپ غەلۋە قىلىدۇ، ئۇنى ئويناپ كىرىشكە بۇيرىساڭ، ئۇسسىغاندا ياكى قورسىقى ئاچقاندا، تەبىئىي ھالدا قايتىپ كىرىدۇ. بىراق بىرنەچچە يېرىنىڭ تېرىسى سۈرۈلگەن، ئۇستىبېشى پاسكىنا ھالدا كىرىدۇ. ئۆيدىكى ئايالى ئۇنى تازىلايدۇ، داۋالايدۇ. بەزى ئەرلەر ھەتتا باش - كۆزىنى يېرىۋالىدۇ، بەزىلىرى ئېزىپ قېلىپ، ئۆيىنىمۇ تاپالمايدۇ.

## 3. سۆيۈلۈشتىن چارچاپ كېتىش

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ھازىرقى ئەرلەر پەقەت باشقىلارنىلا «سۆيىدۇ»، باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلمەيدۇ. ناۋادا بىر ئەر «سۆيۈلۈشتىن» چارچاپ كەتتىم دېسە، ئۇنىڭ ھوزۇرلىنىشنىلا كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 4. لەگلەك

خوتۇنۇم مەيداندا يىپى ئۈزۈلگەن بىر لەگلەكنىڭ لەپەڭشىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: ئەرلەر لەگلەككە ئوخشايدۇ، قانچە ئېگىز ئۇچقانسىرى ئاياللارنىڭ يىپنى تارتىپ تۇرۇشىغا مۇھتاج بولىدۇ، بولمىسا پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: لەگلەككە ئوخشاش

**ئەر - خوتۇنلار سۆھبەتخانىسى**

ئەرلەرنى ئۆيگە ئېسىپ قويۇپ، سەنئەت بويۇمى قىلغىلى بولمايدۇ. ئاياللار ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ ئۇچۇرغاندا يېپىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. بوشىتىشىنىڭمۇ يولى بار.

**5. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەينىدە**

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ئاياللارغا كېرەكلىكى ئەمەلىيەتتە تىنچ تۇرمۇش. كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى «مۇۋەپپەقىيەت» ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل بەدەل. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ كەينىدە بىر ياخشى ئايال بار. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللارنىڭ كەينىدە دائىم ئۇنىڭغا دەخلى قىلىدىغان بىر يامان ئەر بار.

**6. لوكچەكلەر**

خوتۇنۇم بىر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ قەلەمكەشلەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرۈپتۇ. قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: ھازىرقى زاماندا لوكچەكلەر بەك كۆپىيىپ كېتىپتۇ. لوكچەك ئەمەسلەرنى پەرق ئېتىش تەس بولۇپ كېتىپتۇ.

**7. «ئاق كۆڭۈل»لەر**

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ئەرلەر دائىم «ئاق كۆڭۈل» بولۇۋېلىپ، بۇ دۇنيادىكى ئاياللار بەك ئاجىز، ئۇلار بىزنىڭ ئاسرىشىمىزغا مۇھتاج دەپ قارايدۇ. ئاياللارنى سۆيۈشلا يېتىشلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەرلەر ھامان «ئاق كۆڭۈل»لۈك بىلەن بىرنەچچە ئايالنى سۆيۈشنىلا ئويلايدۇ.

**8. ئالىيجاناب ئادەملەر**

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ئاغزىدىن دائىم ئەدەب - قائىدىنى چۈشۈرمەيدىغان ئەرلەر ھامان ئەدەب - قائىدىنى بىلمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار ئاغزىدا شۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالا كۆڭۈللۈكىنى يوشۇرۇپلا قالماي، بەلكى باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرىدۇ. مانا بۇلار ئالىيجاناب ئادەملەر.

**9. تىنچلىق يىللىرى**

خوتۇنۇم بىر خوجايىننى تونۇيدىكەن، بۇ كىشى دائىم بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ تانسىخانىغا بېرىپ «ئۇچتە ھەمراھ بولغۇچى» خانقىزلارنى ئىزدەيدىكەن، خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: مانا بۇ تىنچلىق يىللىرىدىكى «جەڭ قىلغاندا يېگى ئاكا - ئۇكا، جەڭگە ئاتلانغاندا ئاتا - بالا ئەسكەر» لەردۇر.

**10. چۈش**

خوتۇنۇم مۇنداق دېدى: ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ چۈشى تامامەن ئوخشاش. چۈشىدە ئاياللار ئايان بولسا، ئەر - خوتۇننىڭ چۈشىدە كۆرگىنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئايال بولىدۇ؛ ئەگەر چۈشىدە ئەرلەر ئايان بولسا، ئائىلىسىدىكى ئاشۇ ئەر بولىدۇ، يەنى ئەرنىڭ كۆرگىنى ئۆزى، خوتۇننىڭ كۆرگىنى ئېرى.

**«گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ شەنبىسى» گېزىتىدىن**
**غەيرەت ئابدۇرەھمان** تەرجىمىسى
(تەرجىمان ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىدا)



ئېغىرلىقنى سىناپ كۆرۈۋاتقان ئەپەندىم

# راشىد ئەركىنلىككە چىققانمۇ؟

= لى لى، لى چۇنفېڭ =

● ئىران ھۆكۈمىتى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماسلىقى مۇمكىن، لېكىن دىنىي پەرماننى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ.

● بۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن كۆرەش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. بىدئەت بىلەن كونسېرۋاتىپ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش يەنىلا داۋاملاشماقتا.



تارىخ سۆزلىسۇن

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، سالمان راشىد ئەنگلىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئەنگلىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى بىلەن ئىران دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى 40 مىنۇت سۆزلەشكەندىن كېيىن، تارىخىي خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن ئىران دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى، ئىران راشىدنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىدىن ئەمدىلا خەۋەر تاپقانىدى. راشىد دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان مۇخبىرلارغا خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «قارىغاندا، بۇ ئىش ئاياغلاشقاندەك قىلىدۇ، بۇ ئەركىنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ». ھالبۇكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاددىي ئەمەس ئىدى، راشىد بەك بالدۇر خۇشال بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ، ئىراننىڭ سابىق دىنىي داھىسى ھۇمەينى 1989ـ يىلى چىقارغان راشىدقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدىكى دىنىي پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، دەرۋەقە ئىراندىن ئوخشاش بولمىغان سادالار كېلىشكە باشلىدى، بۇ ئىشقا ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان كىشىلەر (جۈملىدىن راشىدنىڭ ئۆزىمۇ) «راشىد راستىنلا ئەركىنلىككە چىقتىمۇ؟» دېگەن سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

## بىر «داستان»دىن كېلىپ چىققان بالايى ـ قازا

بۇ يىل 51 ياشقا كىرگەن راشىد ئەنگلىيىگە كۆچۈپ بارغان ھىندىستانلىق يازغۇچى. 1981 ـ يىلى «تۈندىكى بالا» دېگەن رومانىنى يېزىپ داڭق چىقارغان، بىراق ئۇنى كىشىلەرگە ھەققىي تونۇتقىنى بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يازغان «شەيتان داستانى» ئىدى. لېكىن ئۇ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتتە بىر مەيدان مۇنازىرە قوزغىدى.

«شەيتان داستانى»دا، ما خوندې ئىسملىك بىر يالغان پەيغەمبەرنىڭ جەھرىيەدە دىن ئىجاد قىلىپ، زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغانلىقى مەسخىرە قىلىنغان ۋەقەلىك يېزىلغان. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيىنىڭ «پىنگوۋىن» نەشرىياتى تۇنجى بولۇپ بۇ كىتابنى نەشر قىلغان. لېكىن شۇ ھامان دۇنيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، پاكىستان قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەت بۇ كىتابنى ئۆز دۆلىتىدە نەشر قىلىپ تارقىتىشنى چەكلىگەن. ئىسلام ئەللىرى راشىد ئەمەلىيەتتە ماخوندې ئارقىلىق

مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئاستىرتتىن ھۇجۇم قىلغان، جەھرىيە ئارقىلىق مۇقەددەس شەھەر ـ مەككىگە ئاستىرتتىن ھۇجۇم قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەتلىگەن، مۇقەددەس شەھەر بىلەن «قۇرئان»غا داغ تەككۈزگەن دەپ قارىغان. 1989- يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەنگلىيىدىكى 8000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ھايدى باغچىسىغا توپلىشىپ بۇ كىتابنى كۆيدۈرۈۋېتىش، نارازىلىق بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى ھۇمەينى راشدىقا ۋە «بۇ كىتابقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئادەملەر»گە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى جاكارلىغان ھەمدە بارلىق مۇسۇلمانلارغا راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلغان. ئىسلام غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتى راشدىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە 2 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىنئام قىلماقچى بولغان.

. ھۇمەينىنىڭ بۇ ھۆكۈمى راشدىنى بىردىنلا «پانى ئالەمدىكى دوزاخ»قا كىرگۈزۈۋەتكەن. ھۇمەينى 1989 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى يەنىلا كۈچكە ئىگە بولغان. راشدى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 10 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق مۇھاپىزىتى ئاستىدا ياشىغان، مۇھاپىزەت خىراجىتى ھەر يىلى 1 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

بۇ ۋەقە ئەنگلىيە بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋىتىنى ناچار ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئەنگلىيە ئىراننىڭ ئەنگلىيىنىڭ بىر گىراژدانى ئۈستىدە ھۆكۈم ئېلان قىلغانلىقىغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىران خەلقئارا قانۇن مىزانىغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ قارىغان. ئىران ئەنگلىيىنىڭ ئىسلام دىنىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن «مۇناپىق»نى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دۆلەت 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «راشدى مەسىلىسى» ئىران بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كاشىلا بولىدىغان ئاساسلىق توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغان.

**پارلامېنتنىڭ زۇڭتۇڭ بىلەن قارىمۇ ـ قارشى ئىش قىلىشى**

1998 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئىران زۇڭتۇڭى خاتامىي 53- نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. چۈنكى ئۇ 12 يىلدىن بۇيان ئامېرىكا تۇپرىقىغا قەدەم قويغان ئىراننىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئامېرىكا ـ ئىران مۇناسىۋىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنى ئۈمىدسىز قالدۇرمىدى. 21 ـ كۈندىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۇ كۆپچىلىككە بىر مۇھىم ئۇچۇرنى يەتكۈزدى. شۇ چاغدا بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن ئىران نېمە ئۈچۈن راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ھازىرغىچە ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ، دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تەكرار سورالغان مەسىلىنىڭ يەنە تىلغا ئېلىنماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، سالمان راشدى ۋەقەسى ئاللىبۇرۇن ئاياغلاشتى، دەپ قارىشىمىز لازىم. ھۇمەينى ئىراننىڭ دىنىي داھىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئۆزى قارار چىقارغان، ئۇ دىنىي داھى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزگىمۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ئىران ھۆكۈمىتى بۇنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار چىقارمىغان. ھازىردىن باشلاپ توقۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك ئوتتۇرىسىدا سۆزلىشىشنى ئالغا سۈرىمىز. سۆزلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن».

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئىراننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى خاراجى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە ۋەزىرى كوك ب د ت نىڭ نيو ـ يوركتىكى باش شتابىدا سۆزلىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپ باش ئەلچى ئەۋەتىشكە، «راشدى مەسىلىسى» تۈپەيلىدىن بىرنەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلدى. خاراجى يىغىندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى بىرلەشمە كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئىران ھۆكۈمىتى راشدىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەت قوللىنىشنى خالىمايدۇ ۋە بۇنداق قىلىش كويىدىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ئادەمنىڭ راشدى ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىشىغا ئىلھام بەرمەيدۇ ياكى ئۇنى قوللىمايدۇ، ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، بۇنداق ئۇرۇنۇشنىمۇ قوللىمايدۇ، دېدى.

ئاخبارات ۋاستىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق دەپ قارىدى: ئىراننىڭ راشد مەسلىسى توغرىسىدىكى سىياستى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگىرىپتۇ. خاتامىي بىلەن خاراجىنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە ئىراننىڭ ئەنگلىيىگە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتكە بەرگەن ئېنىق ۋەدىسى.

ۋەھالەنكى، خاتامىنىڭ راشدىنى «ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىشى» ئىراندا كونسىرۋاتىپلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئىران تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، يېقىندا 150 نەپەرچە پارلامېنت ئەزاسى (ئىران پارلامېنتىنىڭ 270 ئەزاسى بار) بىرلىكتە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ، راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، بۇ پەرمان جاكارلانغان ئىكەن، ئەڭ ئالىي ئىمام ھومەينىلا بۇ پەرمانغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەرمانغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى يوق». كونسىرۋاتىپلار تىزگىنلىگەن گېزىتلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلىپ، «ئىسلام قانۇنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دېگەنلەرنى تەكىتلىگەن. راشد يەنىلا ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ 24 سائەت قوغدىشى ئاستىدا تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان مەھبۇسقا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرگەن. لېكىن ئىراندىكى بىر ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى راشدىنى داۋاملىق قوغلاپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن 330 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە توپلىغان.

كونسىرۋاتىپلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن، ئىران دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ھومەينى 1989 - يىلى چىقارغان راشدقا ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى دىنىي پەرمانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خاراجىنىڭ 24 - كۈنى قىلغان سۆزىنى ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ راشد مەسىلىسىدىكى ئىزچىل مەيدانى، بۇ سىياسەت ئۆزگەرمىدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىران دىپلوماتىيە مىنىستىرى خاراجى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىران دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى تەلېۋىزىيىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «ئەنگلىيە بىلەن ئىراننىڭ مۇناسىۋىتىدە يېقىندىلا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، بۇنىڭغا ئاساسلىقى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىراننىڭ راشد مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قوبۇل قىلغانلىقى، ئىراننىڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى سەۋەب بولدى».

## زادى كىمنىڭ دېگىنى ھېساب؟

ئىراندا راشد مەسىلىسىدە تۇراقسىزلىق كۆرۈلدى، كىشىلەردە نۇرغۇن گۇمانىي سوئاللار تۇغۇلدى: ئىراندا زادى كىمنىڭ دېگىنى ھېساب؟ زۇڭتۇڭ خاتامىنىڭمۇ ياكى كونسىرۋاتىپلارنىڭمۇ؟ راشد زادى ئەركىنلىككە چىقتىمۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئىراننى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلار بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەھۋال تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەن ئەمەس. 1995 - يىلى 5 - ئايدا، ئىراننىڭ شۇ چاغدىكى راپسان جانى ھۆكۈمىتى راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش پەرمانىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى جاكارلىغان. لېكىن كېيىنكى پاكىت «قوغلاپ ئۆلتۈرۈش پەرمانى»نىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئىران بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرلىككە كېلەلمىدى، بۇنىڭغا ئىراننىڭ ئىچكى سىياسىتىدە ھوقۇق تالىشىشنىڭ كەسكىن بولغانلىقى تۈپ سەۋەب بولغان.

ھازىر، ئىراننىڭ سىياسىي مۇنبىرى ئاساسلىقى كونسىرۋاتىپلار ۋە مۆتىدىللار دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇھقا ئايرىلغان. كونسىرۋاتىپلار ھومەينىنىڭ پىكىر يولىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىچكى قىسمىدا ئىسلام دىنىغا مۇستەقىل ئېتىقاد قىلىپ، ئىران سىياسىتىنىڭ «غەيرىي ئىسلاملىشىشى»دىن يۇكسەك ھوشيار بولغان، سىرتقا قارىتا، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب جەمئىيىتىگە قارشى تۇرغان، ئوتتۇرا شەرقتىكى تىنچلىق مۇساپىسىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنى قوللىغان، ئىسلام ئىنقىلابىدىن بۇيان، كونسىرۋاتىپلار ئىراندا ئىزچىل تۈردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ مەنىۋى داھىي ھومەينىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ھازىرقى پارلامېنت باشلىقى ناتېكى نۇرى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭ راپسان جانى بىلەن ھازىرقى زۇڭتۇڭ

خاتامىدىن ئىبارەت مۆتىدىللەر ئەمەلىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىچكى قىسمىدا سىياسىي جەھەتتە كەڭرەك بولۇشنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي بولۇشنى، تاشقى جەھەتتە ئىسلام رادىكاللىرى ئوبرازىنى سۇسلاشتۇرۇشنى، ھەتتا ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەدرىجىي يۇمشىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئىراننىڭ خەلقئارادا يىتىم قىلىنىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە قارشى تۇرمايدىغان بولدى. نەچچە يىلدىن بۇيان، كونسېرۋاتىپلار ئىزچىل تۇردە قانۇن چىقىرىدىغان تارماق بىلەن ئەدلىيە تارمىقىنى تىزگىنلەپ كەلگەن، مۆتىدىللەر مەمۇرىي تارماقلارنى ئىگىلەپ كەلگەن بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ھەم ھەمكارلىشىش، ھەم كۈرەش قىلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن.

لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مۆتىدىللەرنىڭ تەشەببۇسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقتىن، ئۇ ئىراندا بارغانسېرى كەڭ قوللاشقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلدىكى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا ناتىقى نۇرى خاتامىگە ئۇتتۇرۇپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن، مۆتىدىللارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئاشتى، كونسېرۋاتىپلار بىلەن ئېلىشالايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كونسېرۋاتىپلار خاتىرجەم بولالماي، مۆتىدىللەر كۈچىنىڭ يەنىمۇ ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىراننىڭ سىياسىي مۇنبىرىدىكى يېتەكچى ئورنىغا تەھدىت سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كونسېرۋاتىپلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مۆتىدىللەرگە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كۈنسېرى كەسكىنلەشتى.

بۇ يىل 4 - ئايدا، خاتامىنىڭ مۇھىم دوستى — تېھران شەھىرىنىڭ باشلىقى كاربىلاش خىيانەت قىلدى ۋە ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلەتتى، دەپ ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىندى. ئاندىن كېيىن بەش يىللىق نەزەربەنتكە ھۆكۈم قىلىندى. 6 - ئايدا خاتامىنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك ياردەمچىسى — ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇللا نۇرى پارلامېنت تەرىپىدىن ئەيىبلىنىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۆتىدىللەرنىڭ بىرنەچچە گېزىتىمۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈشى بىلەن نەشر قىلىنىشتىن توختىدى. جامائەت پىكرى ساھەسىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى كونسېرۋاتىپلار بىر قوللۇق ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مۆتىدىللەرگە زەربە بېرىپ، خاتامىنىڭ ئورنىنى ئاجىزلىتىش.

مۆتىدىللەر كونسېرۋاتىپلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. مۆتىدىللەر ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق، كونسېرۋاتىپلار بىلەن كەسكىن مۇنازىرە جېڭىنى قانات يايدۇردى. «كاربىلاش دېلوسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، خاتامى نەچچە قېتىم سۆز قىلىپ ئۇنى ئاقلىدى. ئابدۇللا نۇرى ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، خاتامى ئۇنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا تەيىنلىدى ھەمدە مۆتىدىللەر گۇرۇھىدىكى يەنە بىر ئەرباب — مۇساۋى لارىنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولۇشقا كۆرسەتتى. نۇرغۇن تەھلىلچىلەر مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ قېتىم خاتامىنىڭ راشدىنى «ئاللاھقا كەچۈرۈم» قىلىشى ئەمەلىيەتتە كونسېرۋاتىپلارغا قىلىنغان «يەنە بىر قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇم». ئەمەلىيەتتە، راشد مەسىلىسىدە خاتامى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قىلغان سۆزلىرى بىر - بىرىگە زىت ئەمەس. مەنىسى روشەن بولۇپ، ئىران ھۆكۈمىتى خۇمەينىنىڭ راشدىنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا چۈشۈرگەن پەرمانىنى ھەرگىز ئىجرا قىلمايدۇ، نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت بۇ دىنىي پەرماننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ. بۇنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كۆڭلىدە ئوبدان بىلىدۇ. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىران دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى بايانات ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرمىدى. بۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خاتامىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەر خاتامىدەك مۇشۇنداق مۆتىدىل بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، كونسېرۋاتىپلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش راشد مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

قارىغاندا، «راشد مەسىلىسى» ھەل قىلغىلى بولمايدىغان «گاردىئۇس تۈگۈنى» دەك قىلىدۇ.

خەنزۇچە **«دۇنيا بىلىملىرى»** ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 21 - سانىدىن

**ئىسلام ھۇسەيىن** (ت)

# 1999-يىللىق «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش تالونى

## 1999 年《新疆工运》订阅单

| مۇشتەرى بولغۇچى ئورۇن<br>订阅单位(个人)全称 | | | | پوچتا نومۇرى<br>邮政编码 | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تەپسىلى ئادرېسى<br>详细地址 | | | | مۇشتەرىنىڭ ئىسمى<br>收件人姓名 | |
| نۇسخا سانى<br>份数 | | يىللىق باھاسى<br>每份年价 | 24.00 | جەمئى سوممىسى<br>合计<br>(大写) | |

ئاتچوت قىلدىغان تالون
报销凭证

بۇ جەدۋەلنى قىيۇېلىپ، پۇل پېرېۋوت تالونى بىلەن ئاتچوت قىلىش ياكى ساقلاپ قويۇڭ. باشقا تەلپىڭىز بولسا بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

此联连同汇款收据作为订阅单位报销凭证,如有其它要求请与我们联系。

---

| مۇشتەرى بولغۇچى ئورۇن<br>订阅单位(个人)全称 | | | | پوچتا نومۇرى<br>邮政编码 | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تەپسىلى ئادرېسى<br>详细地址 | | | | مۇشتەرىنىڭ ئىسمى<br>收件人姓名 | |
| نۇسخا سانى<br>份数 | | يىللىق باھاسى<br>每份年价 | 24.00 | جەمئى سوممىسى<br>合计<br>(大写) | |

ژۇرنال مالىيەسىگە كىرگۈزۈلىدىغان ھۆججەت
记帐凭证

بۇ جەدۋەلنى قىيۇېلىپ ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىڭ.

请将此联寄回我部。地址邮编务必准确,以免误寄。

---

## كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناش جەدۋىلى (1999- يىل 3-سان)

① بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرغان ئىلمىي ماقالە:
② بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرغان ئەدەبىي ئەسەر:
③ بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرغان تەرجىمە:
④ بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرمىغان ئىلمىي ماقالە:
⑤ بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرمىغان ئەدەبىي ئەسەر:
⑥ بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرمىغان تەرجىمە:
⑦ سىزنىڭچە، يەنە قانداق يېڭى سەھىپىلەرنى ئېچىش كېرەك؟ ژۇرنىلىمىزغا قارىتا قانداق پىكرىڭىز بار؟ (جەدۋەلنى تولدۇرۇپ ئەۋەتسىڭىزمۇ، ئايرىم يېزىپ ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ)

# جاھان سەنئەت كۆزنىكى

(چەت ئەل قىستۇرما رەسىملىرى)













ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ... خەلقئارا ... گە كېچىلەر
... باي ... تەبرىكلەش ۋە ئىلغارلارنى ... ... پايت ... تەقدىرلەش ...














新　疆　工　运

主办单位：新疆维吾尔自治区总工会
新疆内部资料（刊形）准印证：0067
定价：4.00元

شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى

ئاشكارىغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى
ژۇرنال ئىجازەتنامە نومۇرى: XJ - 0067
باھاسى 4.00 يۈەن